بالىلارغا سوۋغا-2



3

# ئۈچ ئالتۇن قورچاق

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



باللارغا سوۋغا — 2

3

# ئۈچ ئالتۇن قورچاق

تۈزگۈچىلەر: ئابابەكرى ئەركىن
ماباۋ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە ئىسمى: باللارغا سوۋغا ـ 2 (3)
كىتاب ئىسمى: ئۈچ ئالتۇن قورچاق
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
تۈزگۈچىلەر: ئابابەكرى ئەركىن، ماباۋ
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا تەۋەككۇل
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئەخمەت مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۈچقۇن
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ بۈگۈنكى شىنجاڭ باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.375
نەشرى: 2010 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5373 - 2011 - 5
ئومۇمىي باھاسى: 84.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# مۇندەرىجە


باتۇر يىگىت ........ 1
مېھرىبان ئاكا ـ ئۇكىلار ........ 7
ئەقىللىق قىز ........ 9
ئىككى شاگىرت ........ 11
تۆھمەتخورنىڭ جازاسى ........ 14
كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال ........ 19
دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ ........ 22
دىيانەتلىك كىشىلەر ........ 29
سەنا بىلەن رەنا ........ 32
«ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلايدۇ» ........ 49
مەلىكىنىڭ يىگىت تاللىشى ........ 53
قاسساپنىڭ قىزى ........ 60
ئۈچ ئالتۇن قورچاق ........ 71
تېجەشلىك بالا ........ 74
بېلىقچىنىڭ ئوغلى ........ 79
پىخسىق باي ........ 91

www.uyghurkitap.com

# باتۇر يىگىت

بۇرۇن بىر يېزىدا ئاق كۆڭۈل، ئىشچان بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئوتۇنچىلىق قىلىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئەزىمەت ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار بولۇپ، ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىكەن.

ئەزىمەت ئون بەش ياشقا كىرگەن يىلى قېرىپ بەللىرى پۈكۈلۈپ، ساقاللىرى ئاقارغان بوۋاي سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ ۋە ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— مەن ئاجىزلاپ قالدىم، سەن ئاناڭدىن كىچىك قالغان، ئەمدى بىزمۇ ئايرىلىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز. ئوبدان بالام، سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئويۇن - تاماشىغا بېرىلمەي، مېنىڭ ئاتا كەسپىم ئوتۇنچىلىقنى تاشلىماي، جېنىڭنى جان ئەتكىن، — دەپ كۆز يۇمۇپتۇ.

ئەزىمەت دادىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تاغلاردىن ئوتۇن كەسلەپ كېلىپ، ئېلىشغا سېتىپ خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، شۇندىلا ئۇ بىر ئۆمۈر مۇشۇ ئاتا كەسپىنى قىلىش قارارىغا كەپتۇ ۋە ئەتىكى ئىشلارنى پىلانلاپ ئىش كۆرىدىغان بوپتۇ.

ئەزىمەت بىركۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارغامچا بىلەن

www.uyghurkitap.com

پالتىنى بېلىگە قىستۇرۇپتۇ - دە، ئوتۇن كەسلەپ كېلىش ئۈچۈن يىراق بىر تاغقا سەپەر قىپتۇ. قارىسا ئۇ تاغدا بىر تالمۇ ئوتۇن كۆرۈنمىگۈدەك، ئۇ دېلىغۇل بولۇپ يەنە يول يۈرۈشكە باشلاپتۇ. يېرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئېگىز بىر تاغنىڭ بەھەيۋەت سۈرلۈك ھەم قورقۇنچلۇق بىر غارىغا يېقىنلاپ قاپتۇ. ئەزىمەتنى سۈر بېسىپ، ئۇ يەردىن تېز كېتىش قارارىغا كەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئاشۇ سۈرلۈك غار ئىچىدىن ناھايىتى مۇڭلۇق بىر ناخشا ساداسى ئاڭلىنىپتۇ:

بۇ ئۆڭكۈرگە سولىنىپ،
ئۆچتى نۇرلۇق چىراغىم.
سىغىنىش ئوتىدا يىغلاپ،
ئاشتى دەردىم، پىراقىم.

گۈل ياشلىقىم سولىشىپ،
يەتمەس بولدى ۋايىغا.
مېنى ھەر كىم قۇتقۇزسا،
بارار ئىدىم رايىغا.

ئەزىمەت بۇ ناخشىنى تازا زەن سېلىپ ئاڭلىغانىكەن، بۇ ناخشا بىر دەردمەن قىزنىڭ يۈرەكىنى ئەزگۈچى ئاھى بولۇپ چىقىپتۇ. ئەزىمەت شۇنىڭدىلا ئىسىنى يىغىپ غەيرەتكە كەپتۇ - دە، ئۇ قىزنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا ئۆڭكۈر ئىچىگە قەدەم

بېسىپتۇ.

بۇ ئۆڭكۈر ئەسلىدە، بىر يالماۋۇز يەكچەشمىنىڭ ماكانى بولۇپ، ناخشا ئېيتقان ئۇ قىز ئاشۇ يەكچەشمىگە تۇتقۇن بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ يەكچەشمە غارنىڭ يان كامىر ئېغىزلىرىنى تاش بىلەن توسۇپ، ئادەمزات ۋە باشقا ھەرخىل ھايۋانلارنى تۇتۇپ كېلىپ شۇ جايغا سولاپ، قورسىقى ئاچقاندا نۆۋەت بىلەن زىخقا تارتىپ، پۇتۇن كاۋاپ قىلىپ يەيدىكەن.

ئەمدىلا غار ئېغىزىغا قەدەم قويغان ئەزىمەت تاش ئۇچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان بىر كۆزلۈك يەكچەشمىنى كۆرۈپ، ئەرۋاھى ئۇركۇگەن ھالدا گاڭگىراپ تۇرۇپلا قاپتۇ. شۇئان يەكچەشمىنىڭ بۇرنىغا ئادەم ھىدى ئۇرۇلۇپتۇ ـ دە، دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ غار ئېغىزىدا قېتىپ تۇرغان ئەزىمەتنى كۆرۈپ: «كېلە، ئۆزى كەلگەن ئولجا!» دەپ خۇرسەن بولغان ھالدا ئۇنىمۇ تۇتۇپ ئادەم سولىغان غارغا سولاپ قويۇپتۇ. ئەزىمەت پەرياد چەككەن ھالدا كۆزىنى يۇمۇپ يىغا باشلاپتۇ. ئاخىرى كانىيى ئاغرىپ، يىغىدىن توختاپ كۆزىنى ئاچقانىكەن، كۆز ئالدىدا ھەممە گۈزەللىك چىرايىدا مۇجەسسەملەشكەن پەرى سۈپەت بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. ئەزىمەت يەنە بىر نۆۋەت گاڭگىراپتۇ.

ئەسلىدە ئۇ قىز بىر پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق قىزى بولۇپ، شىكار ئۈستىدە ئازغىشىپ كېتىپ، بۇ يالماۋۇزغا يولۇقۇپ قالغانىكەن، ئەزىمەت ئۇ قىزدىن ئەھۋال سوراپ، ئۆز

www.uyghurkitap.com

كەچۈرمىشلىرىنى ۋە مەلىكىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەزىمەت مەلىكە بىلەن هال - مۇڭ تۆكۈشۈپ، ئاشۇ غار ئىچىدە بىر نەچچە كۈن يېتىپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئەزىمەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ ۋە «تىرىك جاندا ئۈمىد بار» دەپ پالتىسىنى قولىغا ئېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ بىر بۇرجىكىنى كولاشقا باشلاپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە كۈن جاپا چېكىپ ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاچقان تۆشۈكى دەل هېلىقى يەكچەشمىنىڭ ياتقان ئۆيىدىن ئېچىلىپ قاپتۇ. ئەزىمەت دىۋىدەك ئۇخلاپ ياتقان بۇ مەخلۇقنى كۆرۈپ، دىر - دىر تىترىگىنىچە ئىزىدا تۇرۇپ قاپتۇ. بىردەم قاراپ تۇرغانىكەن، يەكچەشمە زادىلا ئويغانماپتۇ. ئەزىمەت بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرهال بۇ يەردىن قاچماقچى بوپتۇ. ئۇ ئاستا مېڭىپ، يەكچەشمىنىڭ ئايىغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تاش ئوچاقتا تاۋلىنىپ تۇرغان قىپقىزىل زىخنى كۆرۈپ يەنە ئىزىدا تۇرۇپ قاپتۇ. مەن ئۆلسەم بىر ئادەم ئۆلىمەن، لېكىن غار ئىچىدە نۇرغۇن ئادەم بار، هېلىقى گۈزەلمۇ شۇ يەردە، بىر ئېلىشىپ كۆرەي، ئەگەر ئۇنى قەتلى قىلالىسام، نۇرغۇن جاننى قۇتقۇزۇپ قالىمەن، دەپ ئويلاپ، قەتئىي ئىرادىگە كەپتۇ - دە، ئۇدۇل بارغانچە ئوچاقتىكى زىخنى ئېلىپ، ئۇخلاپ ياتقان يالماۋۇز يەكچەشمىنىڭ ماڭلاي كۆزىگە زەرب بىلەن تىقىپتۇ. كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان زىخ يەكچەشمىنىڭ كۆزىدىن كىرىپ گەدىنىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. يەكچەشمە ئاغرىق

زەربىسىدىن دەھشەتلىك نەرە تارتىپ ئويغىنىپتۇ ۋە بۇرنىغا ئادەم ھىدى ئۇرۇلۇپتۇ. شۇئانلا ئورنىدىن تۇرغان يەكچەشمە ئادەم ھىدى كەلگەن تەرەپكە تاشلىنىپتۇ، ئەزىمەت دەرھال قېچىپ بىر ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. يەكچەشمىنىڭ كۆزى قويۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، بۇرنىنىڭ سېزىمچانلىقى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، شۇڭا ئۇ ئىز بېسىپ قوغلاۋېرىپتۇ.

بۇ ئىشتىن بىر ئەقىل تاپقان ئەزىمەت تىك غارنىڭ قارشىسىغا چىقىپتۇ ـ دە، يەكچەشمىگە قاراپ تازا كېلىشتۈرۈپ ھۇقۇيتقىلى تۇرۇپتۇ. سەپراسى ئۆرلىگەن يەكچەشمە ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئېتىلىپتۇ ۋە ئەزىمەتنى ئىزدەپ، تاغدىن ـ تاغقا يامىشىپتۇ، شۇ ئارىدا ھېلىقى تىك قىيانى كۆرمەي شۇنداق دەسسىگەنىكەن، ئۇ يەردىن تىك موللاق چۈشۈپ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۆز غەلىبىسىدىن سۆيۈنگەن ئەزىمەت خۇشاللىقىدىن توۋلىغان پېتى ئۆڭكۈرگە كىرىپ بارلىق تۇتقۇنلارنى ئازاد قىپتۇ ۋە مەلىكىنى يەكچەشمىنىڭ نىجىس مۇردىسى يېنىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى مەلىكىگە كۆرسىتىپتۇ ۋە يەنە غارغا قايتىپ، نۇرغۇن كالا، قويلارنى سۆرەپ چىقىشىپتۇ ـ دە، سويۇپ كاۋاپ قىلىپ، غار ئىچىدە نىمجان ياتقانلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ غاردىكى بارلىق جاندارلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىپتۇ.

مەلىكە ئەزىمەتنى ۋە ھېلىقى تۇتقۇن قىلىنغان كىشىلەرنى باشلاپ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ. مەلىكىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان پادىشاھ تەختىدىن چۈشۈپ، قىزىنى قۇچاقلىغىنىچە يىغلاپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە پادىشاھ قىزىمنى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتتى دەپ ئويلاپ ئۈمىد ئۈزگەنىكەن. مەلىكىمۇ سېغىنىش يىغىسى ئىچىدە ھەممە ئىشلارنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۆتكەن ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولغان پادىشاھ ئۆز قىزىنىڭ ھاياتىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى ئاشۇ ئەزىمەتنىڭ قورقماس باتۇرلۇقىغا باغلىق ئىكەن دەپ بىلىپتۇ ـ دە، بۇ قۇتلۇق ئىشنىڭ باش قەھرىمانى بولغان ئەزىمەتكە ئالاھىدە سورۇن ھازىرلاپ، ئالدىغا ھۆرمەت چېيى قۇيۇپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھايات قالغانلىق شەرىپىگە قىرىق كۈن زىياپەت بېرىپتۇ. پادىشاھ زىياپەت داۋامىدا مەلىكىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئەزىمەت ئىككىسىنى نىكاھلاپ قويۇپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ئەزىمەت شۇ ئوردىدا قېلىپ، باياشات تۇرمۇش بىلەن بىر ئۆمۈر دەۋران سۈرۈپتۇ.[1]

توپلىغۇچى: قادىر ئابدۇكېرەم

[1] «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 120 ـ بەت.

# مېھرىبان ئاكا ـ ئۇكىلار

قەدىمكى زاماندا بىر يېزىدا مېھرىبان ئاكا ـ ئۇكىلار ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچانلىقى يۇرت ئەھلىنى خۇشال قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى يۇرتمۇ يۇرت تارىلىپ، ئەل ئىچىدە ھېكايە قىلىنىپتۇ.

كۈز كەپتۇ، ئاكا ـ ئۇكا دېھقانچىلىقنى يىغىشتۇرۇپتۇ، خامانني تەڭ بۆلۈپ، ھەر ئىككىسى ئۆيىگە كېتىپتۇ. ئاكىسى شۇ كېچە ئۇخلىماي ئويلاپتۇ: مەن ئىشنى توغرا قىلماپتىمەن، نېمىشقا خامانني تەڭ بۆلگەندىمەن، ئىنىم بولسا تېخى ئۆيلەنمىدى، پات يېقىندا توي قىلىدۇ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. مەن ئاكىسى بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا كۆيۈنۈشۈم كېرەك ئىدى. ئاكىسى ئويلا ـ ئويلا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ بۇغدىيىدىن ئازراقىنى ئىنىسىنىڭ بۇغدىيىغا قوشۇپ قويۇپ خاتىرجەم بولۇپ ئۇخلاپتۇ.

خوش، ئىنىسچۇ؟ ئىنىسىمۇ شۇ كېچە ئۇخلىماي ئويلاپتۇ: بىر يىللىق تىرىكچىلىكتىن بىر خامان دارامەت تاپتۇق، خامانني تەڭ بۆلسە نېمىشقا قاراپ تۇردۇم، ئاكام ئۇششاق باللىق تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشىنىپ قالدى، مەن بولسام تېخى ياش، كۈچ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇۋۋىتىم بار، ئۆزۈم بىر جان تۇرۇقلۇق، ئاكامغا نېمىشقا كۆپرەك بۆلۈپ بەرمىدىم.

ئىنىسى ئويلا ـ ئويلا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان بۇغداينىڭ بىر قىسمىنى ئاكىسىنىڭ بۇغدىيىغا قوشۇۋېتىپ، ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ ئۇخلاپتۇ.

ئاكىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، بۇغداي تەڭ تۇرغۇدەك، ئىنىسى: ئاكام بۇغدىيىنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولغاندۇ، دەپ ئويلاپ خامانغا كەلسە، بۆلۈنگەن بۇغداي تەڭ تۇرغۇدەك. ئۇ ھەيران بولۇپ ئاكىسىغا:

ــ ئاكا، بۇ بۇغدايلار تەڭ بۆلۈنگەن پېتى تۇرۇپتۇ، مەن ئاخشام سىزنىڭ بالا ـ چاقىڭىز كۆپ، ئۆزى ياشىنىپ قالدى دەپ، ئازراق بۇغدىيىمنى سىزگە قوشۇپ قويغان ئىدىم. بۇ قانداق بولغىنى؟ ــ دەپتۇ. ئاكىسى:

ــ ئىنىم، مەنمۇ سېنى يالغۇز، يېقىندا توي قىلىدۇ، ئۆزىگە كۆپرەك بىر نېمە ئېشىنىۋالسۇن دەپ، يېرىم كېچىدە ئازراق بۇغدىيىمنى قوشۇپ قويغان ئىدىم، ــ دەپتۇ.

ئۇلارنىڭ نىيىتى توغرا، بىر ـ بىرىگە مېھرىبان بولغاچقا، بۇ ئىش خىزىرنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ، ئۇ خامانغا بەرىكەت بېرىپتۇ، شۇڭا ھازىرغىچە دېھقانلار: «خاماندا بەرىكەت بار، خىزىرنىڭ نەزىرى چۈشكەن!...» دېيىشىدىكەن.[1]

خاتىرىلىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن

رەتلىگۈچى: ئابلەت ئابدۇللا

① «گۈلدەستە» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 78 ـ بەت.

# ئەقىللىق قىز

ئۆتمۈشتىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چوڭ يولنىڭ چېتىنى ياقىلاپ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، زىلۋا بويلۇق بىر گۈزەل قىز كېلىۋاتقان ئىكەن. شۇ چاغدا قىزغا قارشى كېلىۋاتقان بىر يىگىت ئۇنىڭ ئايدەك جامالىغا بىر قاراپلا ئىشقى ھەۋىسى قوزغىلىپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئەقىللىق قىز يىگىتنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران بوپتۇ ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا:

— نېمىشقا ئارقامدىن ئەگىشىپ مېڭىۋېرىسىز، — دەپتۇ.

— ھەي گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، مەن سىزنى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالدىم. شۇڭا ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ مېڭىشىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى يىگىت.

ئەقىللىق قىز تەبەسسۇم بىلەن پىسەڭگىدە كۈلۈپ قويۇپتۇ ـ دە:

— ئارقامدىن قاشلىرى قاپقارا، بەرگى قىياقتەك، قارا كۆزلىرى يالتىراپ تۇرغان چولپاندەك، يۈزلىرى ئاناردەك، مەن تۇرماق پەرىلەردىنمۇ چىرايلىق بولغان سىڭلىم كېلىۋاتىدۇ. بەلكىم ئۇ سىزنى مېنىڭدىنمۇ بەكرەك مەپتۇن قىلىۋالىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يىگىت «ھە…» دېگىنىچە ئارقىسىغا بىر قاراپتۇ. ئالدىدىكى قىزنى تامامەن يادىدىن چىقىرىپتۇ. ئەمدى

www.uyghurkitap.com

مەقسەت ـ مۇرادىمغا يېتىدىغان بولدۇم، دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا يېنىپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، تازا مېڭىپتۇ، تەرلەپ پىشىپ شۇنچە مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپتۇرىدىغان «گۈزەل قىز» ئۇچرىماپتۇ. يولدا پەقەت قېرىپ بەللىرى يادەك ئېگىلىپ كەتكەن بىر مومايغا ئۇچراپتۇ ۋە ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپتۇ ـ دە، «ئاپلا» دېگىنىچە ھېلىقى گۈزەل قىزنى تېپىۋېلىش نىيىتىدە ئارقىسىغا يېنىپ يۈگۈرۈپ قىزنى قوغلاپ، ئاخىر يېتىشىۋاپتۇ.

— مېنى ئالداپ يالغان ئېيتىپسىز، ئۆزىڭىز بىر پەرى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ يىگىت.

— ئەي يىگىت! — دەپ سۆزلەپتۇ ئەقىللىق قىز، — مەن يالغان سۆزلىمىدىم. ئۆزىڭىز يالغان سۆزلەۋاتىسىز. ئەگەر مېنى چىن كۆڭلىڭىزدىن سۆيگەن بولسىڭىز، ئەلۋەتتە مەندىنمۇ چىرايلىق «پەرى» نى يەنە ئىزلەپ ماڭماستىڭىز. سىزنىڭ كۆيگەنلىكىڭىز يالغان.

ھېلىقى يىگىت ئىزا ـ نومۇس ئىچىدە شەرمەندە بوپتۇ، ئۆپكىدەك قىزىرىپ لام ـ جىم دېيەلمەي، غىپپلا قىلىپ تىكىۋېتىپتۇ.①

رەتلىگۈچى: مىجىت ئوسمان

---

① «گۈلدەستە» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى.

# ئىككى شاگىرت

بۇرۇن بىر يۇرتتا ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن بىر پىشقەدەم ياغاچچى ئۇستام ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر سالاپەتلىك ئادەم قۇرامىغا يەتكەن ئىككى يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، ھۆرمەت سالامىنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرىپ كەپتۇ ۋە ياغاچچى ئۇستامغا: بۇ ئىككى يىگىتنىڭ ئۆز ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىلگىرى باشقا بىر ئۇستامغا شاگىرت بولۇپ يېرىم يىلدەك ھۈنەر ئۆگەنگەنلىكىنى، ئۇستىسى باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتكەچكە، نائىلاج ئائىلىسىگە يېنىپ كېلىپ، قولىدىن كېلىشىچە يېرىم - يارتا ھۈنەر قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، بىراق ئىلگىرى ئۆگەنگەنلىرى چالا بولغاچقا، تۈزۈكرەك ھۈنەر ئۆگىنىۋېلىش نىيىتىدە كەلگەنلىكىنى؛ كەنجى ئوغلىنىڭ ياغاچچىلىقنى بىلىش تۇگۇل، تېخى ھەرە، رەندىلەرنىمۇ تۇتۇپ كۆرمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ، ياغاچچى ئۇستامدىن بۇ ئىككى ئوغلىنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ، ھۈنەر ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ياغاچچى ئۇستام ئۇ كىشىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىككى ئاكا - ئۇكىنى شاگىرتلىققا ئاپتۇ.

ھېلىقى كىشى ياغاچچى ئۇستامغا تەكرار - تەكرار رەھمەت -

تەشەككۇر ئىزھار قىلغاندىن كېيىن:

— ئۇستام، ئوغۇللىرىمنىڭ تۈزۈكرەك ھۈنەر ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن قانچە ئۇزۇن ۋاقىت كېتەر؟ — دەپ سورىغانىكەن، ياغاچچى ئۇستام:

— چوڭ ئوغۇللىرىغا بەش يىل، كىچىك ئوغۇللىرىغا ئۈچ يىل بولسا كۇپايە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ:

— ئۇستام، يېڭىلىشىۋاتىلىغۇ دەيمەن. چوڭ ئوغلۇم ئىلگىرى ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى يېرىم - يارتا بولسىمۇ ئۆگىنىپ كۆزىنى پىشۇرغان، قوللىرىنى كۆندۈرگەن، مەلۇم ئاساسقا ئىگە؛ كىچىكى بولسا ئەزەلدىن ھۈنەرگە يېقىن يولاپمۇ باقمىغان تۇرسا، قانداقسىگە چوڭىغا بەش يىل، كىچىكىگە ئۈچ يىل كەتسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ. ياغاچچى ئۇستام كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. ئاكىسى ئىلگىرى ياغاچچىلىقنى ئاز - تولا ئۆگەنگەنلىكى، بىر مەزگىل بىلگىنىچە ھۈنەر قىلغىنى ئۈچۈن، مېنىڭ ئۆگەتكەنلىرىمگە ئانچە كۆڭۈل قويمايدۇ. ھەتتا، ئۆگەتكەنلىرىمنى ئىلگىرىكى ئۇستىسىنىڭ ھۈنىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆڭلىدە قايىل بولمايدۇ. شۇڭا، ھەر قانچە ئەستايىدىل ئۆگەتسەممۇ، قاتتىق تەلەپ قويساممۇ، ئىشلەپ كۆنگىنىنى تەكرارلاپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆگىنىپ قالغان ناچار ئادىتىنى تۈزىتىش ئۈچۈنلا ئۈچ يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇكىسىغا كەلسەك، ھۈنەردىن زادىلا خەۋىرى

بولمىغاچقا، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوبدان ئۆگىنىۋېلىشىنىڭ كويىدا بولىدۇ. مەن قانداق ئۆگەتسەم، ئۇ، شەك - شۈبھىسىز شۇنداق ئۆگىنىدۇ. شۇڭا، ئەلۋەتتە ئۇكىسىنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتى تېز، ئىگىلەش ئۈنۈمى ئۆلچەملىك بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.[1]

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 1 - سانى، 170 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۆھمەتخورنىڭ جازاسى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا، بۇ دۇنيا ناھايىتى تىنچ، ئاسايىشلىق ـ تىنچلىق، ئادەملەر ئاق كۆڭۈل، مېھنەتسۆيەر، ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ تۈرى كۆپ، ياشاش شارائىتى ئەۋزەل ئىكەنمىش.

شۇ كەملەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام چارۋىچىلىق پىرى ئىكەن. مال ـ پادىلارنىڭ بېقىلىشى، ئاۋۇتۇلۇشى، بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە قوغدىلىشى تامامەن ئۇنىڭ رايى بويىچە بولىدىكەن. شۇ زامانلاردا مال ـ چارۋىلار تازا ئاۋۇپ، سەمرىپ ئالتۇن دەۋرىنى كەچۈرگەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرى كەچتە مۇسا ئەلەيھىسسالام يۇرت ـ قىشلاقلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر قوتان ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ ـ دە، كۆشەپ يېتىشقان قوي ـ ئۆچكىلەردىن:

— ئەي جانىۋارلىرىم، ھال ـ كۈنۈڭلار قانداق؟ ئوت ـ چۆپكە تويۇنۇۋاتامسىلەر؟ ئۇسسۇزلۇققا قېنىۋاتامسىلەر؟ پادىچى سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، شەپشەك ئۆچكىدىن بىرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە:

— ئەي مۇسا، ھال - كۈنىمىز قانداق بولاتتى، ئۆلۈك - تىرىكنىڭ ئورنىدا، پادىچى ھەر كۈنى ئۇيقۇسىغا قېنىپ، خۇشياقسا، چولىسى تەگسە ئاندىن بىزنى قوتاندىن چىقىرىدۇ. قوغلاپ، سۇر - توقاي قىلغان پېتى جاڭگالنىڭ شورتاڭلىقىغا توپلايدۇ - دە، ئۆزى توغراقنىڭ سايىسىدا يېتىپ دەم ئالىدۇ. ئاچلىق - تەشنالىقتا بىرەرىمىز ئۇيان - بۇيان مېڭىپ سالساق ياكى مەرەپ قويساق، ئىرغاي ھاسىسى بىلەن تازا ساۋايدۇ. كەچتە يەنە گۇلدۇرلىتىپ قوغلىغان پېتى ئېغىلغا سولىۋېتىدۇ. ئۇزۇن تۇندە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى تارتىپ قىينىلىپ ئۆتۈشكە مەجبۇرمىز، — دەپ ھال ئېيتىپتۇ. باشقا قوي - ئۆچكىلەرمۇ باشلىرىنى گىلدىڭشىتىپ شەپشەك ئۆچكىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىشىپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي - ئۆچكىلەرگە ناھايىتى ئىچى ئاغرىپ، پادىچىغا قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ - دە، دەرھال كەپكە كىرىپ پادىچىنى ئەيىبلەپ ئوسال قىپتۇ.

پادىچى ئەسلىدە ئىنسابلىق، جاپاغا چىداشلىق، مۆمىن ئادەم ئىكەن. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىسىنى ئوت - چۆپلىرى ياخشى جاڭگالغا ئاپىرىپ باقىدىكەن. قوي - ئۆچكىلەر سايالىق قىلىپ تويدۇرۇۋەتسىمۇ ئازار بەرمەيدىكەن. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن دەككىسىنى يېگەندىمۇ رەنجىمەپتۇ. بەلكى «ئۆزۈم ماللىرىمنى ئانچە ياخشى بېقىپ كېتەلمىگەن ئوخشايمەن» دەپ، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلۈشى ھامانلا پادىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوتاندىن چىقىرىپ، سۇ يېيىلغان ئوت ـ چۆپلىرى بولۇق، چەت ـ ياقا يايلاقلارغا ئاپىرىپ كەچ كىرگۈچە كۆڭۈل قويۇپ بېقىپ كەپتۇ.

پادىچى ماللىرىنى قوتانغا سولاپ تاماق يېيىشكە كىرىپ كەتكەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام غىپپىدە پەيدا بوپتۇ ـ دە:

— ئى خۇدانىڭ جانىۋارلىرى، بۈگۈن ھال ـ كۈنۈڭلار قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۈگۈن ھالىمىز تېخىمۇ بەتتەر، — دەپ شاقىلداپتۇ ھېلىقى شەپشەك ئۆچكە، — پادىچى بۈگۈن بىزنى توقايمۇ توقاي قوغلاپ ـ سۈرۈپ، ھېرىپ قالساق ئۇرۇپ ـ دۇمبالاپ جېنىمىزنى ئاز قويدى...

قوتاندىكى قالغان قوي ـ ئۆچكىلەرمۇ شەپشەك ئۆچكىنىڭ ھەق سۆزلىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جان ـ پېنى چىقىپلا كېتىپتۇ. بىراق، ئۇ ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ، قوتاننى ئارىلاپتۇ. قارىسا ھېلىقى شەپشەك ئۆچكە ئېيتقان ئالامەتلەرنىڭ ئەكسىچە، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ قورساقلىرى دومبايغان، ھەممىسىلا كۆشەۋاتقان، قۇملاقلىرىمۇ ئۇيۇل تۇرغۇدەك. شۇڭا، ئۇ دەرگۇماندا ئۇن ـ تىن چىقارماي چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ يورۇماستا شەپە چىقارماي قوتان ئەتراپىغا مۆكۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ھايال ئۆتمەي پادىچىمۇ زاغرىسىنى بەلبېغىغا تۈگۈپ، سۇ قاپىقى بىلەن ھاسىسىنى ئېلىپ پادىسىنى چىقىرىپ جاڭگالغا راۋان بوپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەي دەمبەس قەدەم ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ساددا مالچى ماللىرىنى ئوت - چۆپلىرى يېڭى، يۇمران يايلاققا ئاپىرىپ، پادىدىن ئايرىلماي كۆڭۈل قويۇپ بېقىپتۇ. ھېلىقى شەپشەك ئۆچكە ۋە باشقا ساياق ماللار تولا ئۇيان - بۇيان قاتىراپ ھاردۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، قول تەۋرەتمەي توسۇش بىلەنلا بولدى قىپتۇ. چۈشتە كۈن تىكلىشىپ ھاۋا قىزىپ كەتكەندە، ماللىرىنى باراقسان دەرەخلىككە توپلاپ، ئۆزى بىر چەتتە زاغرىسىنى غاجىغاچ پادىدىن خەۋەر ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۈن قىيىلغاندا يەنە ماللىرىنى ئوتلاتقاچ گۇگۇم چۈشكەندە قايتۇرۇپ كەپتۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام باشقا يېقىن يوللار بىلەن ئالدىقاچان قايتىپ كېلىپ، قوتان ئەتراپىدا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرغانىكەن. قوي - ئۆچكىلەر قوتانغا سولىنىپ، پادىچى ئاش ئېتىشكە كىرىپ كەتكەندە، ئۇ قوتان ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي جانىۋارلار، بۈگۈن ھالىڭلاردىن رازىمۇ سىلەر؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھېلىقى شەپشەك ئۆچكە يۈگۈرۈپ كەلگەنچە قوتان ئىشىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ئى مۇسا، بۈگۈنكى ئەھۋالىمىز تۈنۈگۈنكىدىنمۇ ئېچىنىشلىق، بۈگۈن پادىچى بىزنى گىياھ ئۈنمىگەن تاقىرلىققا توپلاپ، قىمىر قىلساق ئۇرۇپ - ئەدەپلەپ، يا ئوتلىغىلى، يا سۇ ئىچكىلى قويمىدى. مۇشۇ ھالدا تاڭنى قانداق ئاتقۇزۇشنىڭ غېمىدە تۇرۇپتىمىز، — دەپ يىغلامسىراپتۇ. باشقا قوي -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆچكىلەرمۇ شەپشەك ئۆچكىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ تۇرۇشۇپتۇ.

ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكەن مۇسا ئەلەيھىسسالام قەھر ـ غەزەپكە كېلىپ:

— ھەي نائىنساب، تۆھمەتخور مەخلۇقلار، ھالىڭلاردىن خەۋەردار بولمىسامغۇ بىر نۆرى، تاڭ سەھەردىن تا كەچ كىرگۈچە ھەممە ئىشنى ئېنىق كۆرگەن تۇرسام، يەنە ئەيمەنمەي يالغان ئېيتىپ، جانكۆيەر پادىچىنى قارىلىشىۋاتىسىنا؟ يالغان سۆز چىققان زۇۋانلىرىڭ تۇتۇلۇپ، تۆھمەتكە شېرىك چىشلىرىڭ تۆكۈلۈپ كەتسۇن، — دەپ ھاسىسى بىلەن ھېلىقى شەپشەك ئۆچكىنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى سالغانىكەن، بارلىق قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ يۇقىرىقى چىشلىرى تۆكۈلۈپ، شۇ ھامان زۇۋاندىن قېلىشىپتۇ.

ئەنە شۇ كەمدىن تارتىپ قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار چىشلىرى چىقمايدىغان، تىلى تۇرۇقلۇق گەپ ـ سۆز قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانمىش. بۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغانچى، تۆھمەتخورلارغا بەرگەن جازاسى ئىمىش.①

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھۆسنىرىخان

رەتلىگۈچى: ئابلىمىت ئاقيولى

① «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانى، 171 — 172 ـ بەتلەر.

## كۆتۈرەلمسەڭ ساڭگىلىتشۇال

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ تولىمۇ كېلىشكەن قامەتلىك ئادەم ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ بويىنىدا يوغان پوقىقى بولغاچقا، كۆڭلى بەكلا غەشلىكتە ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالى ئۇرۇشۇپ قالغان چاغلاردا ھە دېسىلا ئۇنى پوقاق دەپ تىللاپ ئارام بەرمەيدىكەن.

بىركۈنى ئۇ كىشى ئايالى بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ ۋە ئاچچىقىدا بىر قاپاقتا لىق ھاراق قاچىلاپ خىلۋەت جايدىكى يوغان بىر توپ قېرى قارىياغاچ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھاراقنى مەست بولغىچە ئىچىپ قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەسلىدە بۇ قارىياغاچ ئالۋاستىلارنىڭ ئۇۋىسى ئىكەن. يېرىم كېچە بولغاندا ئالۋاستىلار سىرتقا چىقماقچى بوپتۇ. قارىسا بىر ئادەم قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئۇخلاۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستىلار دەرھال قايتىپ كىرىپ ئالۋاستىلار باشلىقىغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىرتتا بىر ئادەم يولىمىزنى توسۇپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ بويىنىدا تولىمۇ غەلىتە يوغان بىر نەرسە بار ئىكەن، ئۇنى

دەرھاللا ئۆلتۇرۇۋېتەيلى، — ئالۋاستىلار باشلىقى بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، چىقىپ بويىنىدىكى ھېلىقى يوغان نەرسىنى ئېلىۋېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ئالۋاستىلار شۇ ھامان چىقىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ پوقىقىنى ئېلىۋاپتۇ. بۇ ئادەم ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىپتۇ. ھەيران بولۇپ قارىسا پوقىقى يوق تۇرغۇدەك. ئۇ كۆڭلىدە: ئەمدى ئايالىممۇ پوقاق دەپ تىللىمايدىغان بولدى. ئىچ ئاچچىقىممۇ تارتماي خېلى خۇشال ئۆتىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا يەنە بىر ئۆزىگە ئوخشاش پوقاق ئاغىنىسى ئۇچراپ قاپتۇ.

— ۋاي ئاغىنە، پوقىقىڭ يوق تۇرىدىغۇ، قانداق قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيران بولغان ئاغىنىسى.

— بىر قاپاقتا ھاراق ئېلىپ ھېلىقى خىلۋەت يەردىكى قېرى قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە باردىم. ئاندىن ئولتۇرۇپ ھاراقنى مەست بولغىچە ئىچتىم. بىر چاغدا قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. كېيىن ئويغانسام پوقىقىم يوق تۇرىدۇ. خۇشاللىقىمدا ئۆيگە قايتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كىشى.

بۇنى ئاڭلىغان پوقاق كىشى «بۇ بىر قاپاق ھاراق ئاپىرىپتۇ. مەن ئىككى قاپاق ھاراق ئاپىراي، ئوبدانراق ساقىيىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ ۋە شۇ كۈنىلا ئىككى قاپاق ھاراقنى ئېلىپ ھېلىقى جايغا بېرىپتۇ. ئاندىن قارىياغاچقا يۆلىنىپ

ئۇلتۇرۇپ ئىككى قاپاق هاراقنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئالۋاستىلار يەنە سىرتقا چىقماقچى بولۇپ قارىسا بويىندا ھېلىقىدەك يوغان بىر نەرسە بار ئادەمنىڭ يەنە بىرسى ياتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستىلار قايتىپ كىرىپ باشلىقىغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. ئالۋاستىلار باشلىقى ئۇ ئادەم ھېلىقى نەرسىسىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ:

— دەرھال چىقىپ ئۇنىڭ كېسىۋالغان نەرسىسىنى ئورنىغا چاپلاپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ئالۋاستىلار چىقىپ كېسىۋېلىنغان پوقاقنى ئۇنىڭ پوقىقىنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇ مەست ئويغىنىپ ئۆزىنى بەكلا ئېغىر ھېس قىپتۇ. قارىسا بويىندىكى پوقاقنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر پوقاق چاپلاقلىق تۇرغۇدەك. ئۇ شۇ يەردىلا داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. خەلق ئىچىدىكى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەن گەپ مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.[1]

رەتلىگۈچى: ئابدۇۋايىت سەمەت

[1] «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 3، 4 ـ سانلىرى، 96 — 97 ـ بەتلەر.

# دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ ئوقۇمۇشلۇق، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، خەير ـ ساخاۋەتلىك، پاك ـ دىيانەتلىك كىشى ئىكەن. ئۇ يېتىم ـ يېسىر، يوقسۇللارغا يۆلەكچى ئىكەن. ئىچى تار، ھەسەتخور، غەيۋەتخور كىشىلەرگە ئۆچ ئىكەن. شۇڭلاشقا پادىشاھتىن شەھەردىكى خەلق تولىمۇ رازىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئوردا ئەھلىلىرى بىلەن ئوردا ئىشلىرى ئۈستىدە ئۆزئارا كېڭەشىۋاتقاندا، بىر دىۋانە ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ ـ دە، پادىشاھقا تىزلىنىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن:

— ئەسسالام، ئەي پادىشاھ، دەريا ئەزىمدۇر ھىممىتىڭ، تاپسۇن كامالەت قۇدرىتىڭ، ئامىن! — دەپتۇ.

پادىشاھ دىۋانىنىڭ ئوردىغا كىرىپ، ھېيقماستىن نەزملەرنى ئوقۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، دىۋانىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ـ دە:

— قەيەردىن كەلدىڭىز، سەپىرىڭىز قاياققا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھرىدىن كەلدىم. ماكانىمغا بارىمەن، — دەپ

جاۋاب بېرىپتۇ دىۋانە.

پادىشاھ گەپ ـ سۆز قىلماستىن دىۋانىغا بىر قاراپ قويۇپتۇ ـ دە، تاجىسىنى ئۇچىشىغان بولۇپ بېشىنى تۇتقانىكەن، دىۋانە ئېغىزىنى تۇتۇپتۇ. پادىشاھ يۈزىنى سىلىغانىكەن، دىۋانە قورسىقىنى تۇتۇپتۇ. بۇ ئىككى جاۋابتىن بەكمۇ رازى بولغان پادىشاھنىڭ يەنە بىر سوئال سوراپ باققۇسى كېلىپ بېلىدىكى ئالتۇن كەمىرىنى ئۇچىشىغان بولۇپ قورسىقىنى تۇتقانىكەن، دىۋانە دەرھال پۇتىنى تۇتۇپتۇ.

پادىشاھ دىۋانىنىڭ دانىشمەنلىكىگە قايىل بولۇپ ئۇنى ھۆرمەتلەپتۇ ۋە خەزىنىچىگە:

— سىز بۇ كىشىگە يەتتە سۆپەر ئالتۇن بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇڭ، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

بۇ ئىشتىن ئوردا ئەھلى ھەيران قاپتۇ. بۇ ئوردىدا ھەسەتخور، ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى بىر ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ دىۋانىگە قىلغان ساخاۋىتىدىن كۆزى قىزىرىپ ئىچى ئېچىشىپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— شاھىم، بىر دىۋانىغا بىكاردىن ـ بىكار يەتتە سۆپەر ئالتۇننى بېرىۋەتتىلىغۇ؟ — دەپتۇ.

— ۋەزىر، — دەپتۇ پادىشاھ — ئۇ ئىلىم ـ ھېكمەتتە يېتىشكەن، دانىشمەن كىشى ئىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا يەتتە سۆپەر ئالتۇن ئىنئام قىلدىم.

— شاھىم، بىھۆرمەتلىك بولسىمۇ سوراپ باققۇم كەلدى.

ئۆزلىرى ئۇنىڭ دانىشمەن ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىلىكىن؟ — دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ - يۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— سورىغان سوئاللارغا ئۇ توغرا جاۋاب بەردى. شۇڭا ئىنئام بېرىش زۆرۈر، — دەپتۇ.

شاھنىڭ دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ۋەزىر:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئۆزلىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇچى بولمىدىلىغۇ؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ تولىمۇ پاراسەتسىز، ھەسەتخور ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دېۋانىدىن سورىغان سوئاللارغا ئۇنىڭمۇ جاۋاب بېرىپ بېقىشىنى، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسە ئورنىدىن قوغلىنىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھ ئالدىدا تىزلىنىپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ ۋە ئورنىدىن چىقىپتۇ. ئۇ دېۋانىدىن بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىق مېڭىپتۇ. ۋەزىر خېلى ئۇزۇن يول يۈرگەندىن كېيىن دېۋانىغا يېتىشىپتۇ - دە:

— ھەي دېۋانە، پادىشاھ ساڭا نېمە دېدى؟ سەن نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

دېۋانە ۋەزىرنىڭ تولىمۇ پاراسەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— تەقسىر، شاھىم مەندىن سوئال سورىغانىدا سىلىمۇ بار ئىدىلىغۇ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر سەل ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ يەنە دىۋانىگە ھەيۋە قىلىپ:

— مەن سەندىن سوراۋاتىمەن، زادى ساڭا نېمە دېدى؟ سەن نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

دىۋانە تەمكىنلىك بىلەن:

— تەقسىر، پادىشاھ ماڭا يەتتە سوپەر ئالتۇن ئىنئام قىلدى. ئەگەر سىز راستىنلا پادىشاھنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، مېنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىمنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن سىزمۇ يەتتە سوپەر ئالتۇن بېرىڭ، — دەپتۇ.

ۋەزىر نائىلاج دىۋانىگە يەتتە سوپەر ئالتۇننى بېرىپتۇ. دىۋانە ئالتۇننى ئالغاندىن كېيىن:

— پادىشاھ مەندىن بىرىنچى قېتىم «باش نېمىدىن كېتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى. مەن «ئېغىزدىن» دەپ جاۋاب بەردىم. ئىككىنچى قېتىم «يۈز نېمىدىن كېتىدۇ؟» دېگەنىدى، «نەپسانىيەتنىڭ يامانلىقىدىن» دېدىم. ئۈچىنچى قېتىم پادىشاھ «قانداق كىشىنىڭ قورسىقى ئاچ قالمايدۇ؟» دېگەنىدى، مەن «پۈتىنى ئىتتىك قىلغاننىڭ» دەپ جاۋاب بەردىم، — دەپتۇ.

ئاندىن ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ۋەزىرنىڭ تېخىمۇ ئىچى ئىچىشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ھەممە ئالتۇننى تارتۇۋېلىش غەرىزىدە دىۋانىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ

يېتىپتۇ ۋە ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا:

— ھەي دىۋانە، مەن سەندىن ئۈچ سوئال سورايمەن. جاۋاب بېرەلىسەڭ يولۇڭغا ماڭىسەن. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ يېنىڭدىكى ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىسەن، — دەپتۇ.

دىۋانە ۋەزىرنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى، بەرگەن ئالتۇنلارغا چىدىمىغانلىقىنى سېزىپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— تەقسىر، نەدىمۇ سوئال سورىغۇچى ئات ئۈستىدە ئولتۇرىدىغان، جاۋاب بەرگۈچى يەردە تۇرىدىغان ئىش بار؟ — دەپتۇ.

پۇتون ئەس - يادى ئالتۇندا قالغان ۋەزىر: مەن سورىغان سوئاللارغا بۇ دىۋانە بەربىر جاۋاب بېرەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ، ھاپىلا - شاپىلا ئاتتىن چۈشۈپ دىۋانىغا ئېتى بىلەن قامچىسىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

دىۋانە ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ:

— تەقسىر، قېنى قانداق سوئال سورايلىكىن؟ — دەپتۇ.

ۋەزىر:

— كۈنچىقىشتىن كۈن پاتارغا قانچە كۈنلۈك يول؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاران بىر كۈنلۈك يول، — دەپتۇ دىۋانە.

— سەن تۇتۇلدۇڭ، مەغرىپتىن مەشرىققە بىر نەچچە يۈز يىللىق يولنى قانداقمۇ بىر كۈنلۈك يول دېگىلى بولسۇن؟ — دەپتۇ ۋەزىر.

— مەن تۇتۇلمىدىم. تەقسىر، ئۆزلىرى دېگەن كۈن بىر چىقىپ بىر نەچچە يۈز يىلدا ئاندىن پاتامدۇ ياكى ئەتىگىنى چىقىپ ئاخشىمى پاتامدۇ؟ — دەپتۇ دىۋانە تەمكىنلىك بىلەن. ۋەزىر زۇۋان سۈرمەستىن سورىماقچى بولغان ئىككىنچى سوئالىنى سوراپتۇ.

— ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقى قانچە كۈنلۈك يول؟

— كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك يول، تەقسىر.

— سەن خاتالاشتىڭ! 500 يىللىق يول قانداقمۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولسۇن؟

— خاتالاشمىدىم تەقسىر. كۆزلىرىنى بىر يۇمۇپ ئاچسىلا! قېنى ئاسماننى كۆرەملا، كۆرمەملا؟

ۋەزىر ئامالسىز قاپتۇ ـ دە، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ:

— خۇدا ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپتىكەن، بۇ ئورۇنسىز قويۇلغان سوئالدىن غەزەپ ـ نەپرىتى ئۆرلىگەن دىۋانە:

— تەقسىر، خۇدانىڭ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتاملا؟ بىلىپ قويسىلاكى، ياراتقان ئاللا شۇ تاپتا ئاتلىقنى پىيادە قىلدى، پىيادىنى ئاتلىق قىلدى. بۇنىڭغا ئۇنىمىسىلا مانا مۇشۇ قامچىغا مۇپتىلا قىلدى، — دېگىنىچە قولىدىكى قامچا بىلەن ئۇنى ساۋاپتۇ ـ دە، ئالدىغا سالغىنىچە پادىشاھ ئوردىسىغا ھەيدەپ ئەكىرىپتۇ. بولغان ئىشنى شاھقا بايان قىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ئاچ كۆز، ھەسەتخورلۇقىدىن نەپرەتلىنىپ،

ئۇنى ئوردىدىن دەرھال قوغلاپ چىقىرىپتۇ. دىۋاننىڭ بولسا ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ دانىشمەن دىۋانە ۋەزىر بوپتۇ. پادىشاھنىڭ يۇرت سورىشىغا يېقىندىن ياردەملىشىپتۇ. پادىشاھ يۇرتنى تېخىمۇ ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. خەلق بولسا خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ.[1]

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھەسەن موللا
رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيت

① «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.

# دىيانەتلىك كىشىلەر

بۇرۇنقى زاماندا موسا ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

ئۇ بىر كۈنى ئېرىق ياقىلاپ كېتىۋېتىپ قىپقىزىل بىر دانە ئالمىنىڭ سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دەرھاللا ئالمىنى سۈزۈپ ئاپتۇ.

موسا ئالمىغا قاراپ كۆڭلىدە: تازا پىشقان ئالما ئىكەن ـ ھە، دەپتۇ ۋە ئالمىنى چىشلىمەكچى بولۇپ ئاغزىغا ئاپىرىپتۇ. لېكىن توساتتىنلا: بۇ ئالمىنى مۇنداقلا يەۋەتسەم بولماس، ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاندىن يەي، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئالما ئىگىسىنى ئىزدەپ ئېرىقنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، ئېرىق چوڭ بىر باغقا ئۇلىنىپتۇ. ئېرىق مۇشۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئالما شۇ باغدىن ئېقىپ چىققانىكەن.

موسا بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن باغقا كىرىپتۇ. باغ ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، ھەرخىل مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن. گويا جەننەتنىڭ ئۆزى ئىكەن. موسا ئەتراپقا سەپسېلىپ قارىسا

ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بىر بوۋاي مېۋىلەرگە زوق بىلەن قاراپ ئولتۇرغۇدەك. موسا بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ هال - ئەھۋال سوراپتۇ ۋە كېلىش مۇددىئاسىنى بايان قىپتۇ، ئاندىن ئالمىنى يېيىشكە رازىلىق سوراپتۇ. بوۋاي موسانىڭ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈللۈكىدىن مەمنۇن بولۇپ قەلبىدە باركاللا ئوقۇپتۇ ۋە:

— ئوغلۇم، سىز تولىمۇ ديانەتلىك يىگىت ئىكەنسىز، ئەگەر جۈپتىڭىز بولمىسا مېنىڭ كۆزى ئەما، قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بىر قىزىم بار. شۇنى نىكاھىڭىزغا ئالغان بولسىڭىز، ئاندىن سىزدىن رازى بولاتتىم، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان موسا بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— بوۋا، سىزلا رازى بولىدىغان بولسىڭىز قىزىڭىزنى ئالاي، — دەپ ماقۇللۇقنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە بوۋاينىڭ تەكلىپى بىلەن باغنى بىر ئايلىنىپ ھەرخىل مېۋىلەردىن تويغىچە يەپ خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي موسا بوۋاينىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ. توي كېچىسى موسا قىزغا قارىغۇدەك بولسا، ھاي - ھاي، ئۇنىڭ ئالدىدا بەش ئەزايى ساق، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار پەرى سۈپەت، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق، شېرىن سۆزلۈك، شۇنداق كېلىشكەن بىر نازىنىن ئولتۇرغىدەك. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان موسا ئەتىسى بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، سالام - سەھەتتىن كېيىن ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن مۇنداق سوئال سوراپتۇ:

— ئەي قەدىرلىك بوۋا، ئاشۇنداق كېلىشكەن بىر ساھىبجامالنى ماڭا نېمىشقا ئۇنداق تونۇشتۇردىڭىز؟

بوۋاي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق شەرھلەپتۇ:

— ھەي ئوغلۇم، قىزىمنىڭ كۆزى ئەما دېگىنىم تالاغا قارىمايدۇ دېگىنىم، قولى تۇتماس دېگىنىم، خۇددى سىزگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە قول ئۇزاتمايدۇ دېگىنىم، پۇتى باسماس دېگىنىم ناشايان بولمىغۇر يولغا قەدەم باسمايدۇ دېگىنىم.

موسا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنداق بىر پاك قىزغا ئۆيلەنگەنلىكىدىن چەكسىز خۇشال بوپتۇ، بوۋايغا يۈزمىڭ تەشەككۈر ئېيتىپتۇ. قىزمۇ موسادەك ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان يىگىتكە جۈپ بولغىنىغا مەمنۇن بوپتۇ. بوۋاي باغنى باشقۇرۇشنى موساغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

بۇ بىر جۈپ ديانەتلىك ئەر - خوتۇن ئۆزلىرىنىڭ ھالال مېھنىتى بىلەن بىر ئۆمۈر خۇشال - خۇرام ياشاپتۇ.[①]

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھەسەن موللا

رەتلىگۈچى: سابىرجان سىيىت

① «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەنا بىلەن رەنا

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا موللا كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، چوڭ ئوغلىنىڭ ئەقلى - هوشى جايىدا ئىكەن، ئىككىنچى ئوغلى سەنا سەل گومۇش ئىكەن. ئۇ كىشى چوڭ ئوغلىنى ئۆيلەپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغرىپ قاپتۇ. ئوغۇللىرى تېۋىپ چاقىرىپ، ئاتىسىنىڭ كېسىلىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ ياخشىلانماپتۇ. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ كېسەلدىن ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، چوڭ ئوغلى بىلەن كېلىنىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— مېنىڭ كېسىلىم ئېغىر، خۇدا مەندىكى ئامانىتىنى ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا مەندە ئامال يوق، شۇڭا مەندىن رازى بولۇڭلار. مەن كۆز يۇمۇش ئالدىدا سىلەرگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز ۋەسىيىتىم بار، — دەپتۇ.

ئوغلى بىلەن كېلىنى ئاتىسىغا رازىلىق بېرىپ دۇئا قىپتۇ. ئۇ كىشى ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، مەن سېنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويدۇم، لېكىن ئۇكاڭ سەنانى ئۆيلەپ قويۇشقا ئۆمرۈم يار بەرمىدى. سىلەر ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار، ئۇنىڭ ئەقلى ساڭا قارىغاندا

كەمرەك، ئىشتا چولتا، كۆپ چىقىم تارتساڭمۇ بىر ئامال قىلىپ، ئۇنى ئۆزىڭدىن ئەقىللىق، ياخشىراق بىر قىزغا ئۆيلەپ قويساڭ، مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن، — دەپتۇ. ئوغلى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ كىشى بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئاكىسى ئىنىسى سەنانى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپتۇ. لېكىن سەنانىڭ يەڭگىسى بۇنىڭغا چىدىماي:

— داۋاملىق ئېغىر ئىشنى ئۆزىمىز قىلىمىز، سەنانى بىكاردىن ـ بىكارغا بېقىۋاتىمىز، ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە كېيىنكى كۈندە قانداق قىلىدۇ، يا ئەقلىنى ئىشقا سالمىسا، — دەپتۇ. سەنانىڭ ئاكىسى ئايالىغا:

— مەن ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇيالمايمەن، سەن مېنى تەڭلىكتە قويمىغىن، ئۇنى ئوبدان بىرسىگە ئۆيلەپ قويساق ئوڭلىنىپ كېتەر، — دەپتۇ.

— ئۇ دېگەن بىر ھۇرۇن، ئۇنىڭغا نەدىن ئوبدان لايىق چىقار، ئۇنى ئۆيلەپ قويىمەن دەپ ئاۋارە بولغاندىن ئىشىمىزغا سالايلى، كېيىن بىر گەپ بولار، — دەپتۇ ئايالى. بىر كۈنى ئۇلار:

— سەنانى سىناپ كۆرەيلى، ئۇنىڭ بىرئاز ئەقلى بارمۇ ياكى راست گومۇشمۇ، — دېيىشىپتۇ. ئاكىسى سەنانى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سەن بازارغا بېرىپ ئۇن، تۇز، سەي ئېلىپ كەل، لېكىن

ئۆيدە ئۇن، تۇز، سەي ئالىدىغان پۇل يوق. شۇڭا سەن ئېغىلدىكى قوينى بازارغا ئاپىرىپ سات، شۇنىڭ پۇلىغا ئۇن، تۇز، سەي ئال، يەنە ئالغان نەرسىلىرىڭنى شۇ قويغا ئارتىپ چىققىن، — دەپتۇ.

سەنا كۆپ ئويلانمايلا ماقۇل بىلدۈرۈپ، قوينى يېتىلەپ بازارغا مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەنانىڭ يەڭگىسى راسا كۈلۈپ ئۇنى زاڭلىق قىپتۇ.

سەنا قوينى يېتىلەپ بازارغا ئاپىرىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ئورىۋېلىپ:

— ھەي يىگىت، قويۇڭنى ساتامسەن، — دەپتۇ.

— ساتىمەن.

— نەچچە تەڭگىگە ساتىسەن؟

— قوينى سېتىپ، قوينىڭ پۇلىغا ئۇن، تۇز، كۆكتات ئالىمەن، ئالغان نەرسىلىرىمنى يەنە مۇشۇ قويغا ئارتىپ چىقىپ كېتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سەنانىڭ گېپىنى ئاڭلىغانلار بۇ ساراڭ ئىكەن، دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ گېپىگە قىزىققانلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ راسا كۈلۈشۈپتۇ. ئاشۇ بازاردا كاتتا باينىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇ قىز چىرايلىق ھەم ئەقىللىق بولۇپ، ئىسمى رەنا ئىكەن. رەنا شۇ چاغدا سارايىنىڭ بازار تەرەپكە قارايدىغان دېرىزىسىنى ئېچىپ قويۇپ، بازارنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغاندا بىر يىگىتنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپتۇ. ئۇ خېلى قاملاشقان يىگىت بولغاچقا، بىر كۆرۈپلا كۆڭلى چۈشۈپ



قاپتۇ. ئۇ سارايدىن چىقىپ، سەنانىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي يىگىت، قويۇڭنى ساتامسەن، — دەپ سوراپتۇ. سەنا يەنە ئۆز جاۋابىنى بېرىپتۇ. رەنا كۈلۈپ ئۇنى مەسخىرە قىلماي:

— سەن دېگەن شەرت بىلەن بۇ قويۇڭنى مەن ئالىمەن، مەن بىلەن ماڭ، — دەپ ئۇنى سارايغا باشلاپ كىرىپتۇ. رەنا:

— قوينى يېقىتىپ پۇتىنى باغلىغىن، — دەپتۇ.

سەنا قىزنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي:

— مەن قوينى ئۆلتۈرمەيمەن، ساتىمەن، — دەپتۇ. رەنا:

— مەن سېنىڭ دېگىنىڭنى بىلىمەن، مەن دېگەننى قىل، — دەپتۇ.

رەنا سەنانى قوينى پاكىز قىرقىشقا بۇيرۇپتۇ. سەنا قوينى پاك - پاكىز قىرقىپتۇ. رەنا قوينىڭ يۇڭىنى سەناغا تۇتقۇزۇپ:

— سەن بۇ يۇڭنى بازارغا ئەچىقىپ ساتقىن، ئۇنىڭ پۇلى 12 يارماق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كەم بولمايدۇ، سەن 8 يارماققا ئۇن، تۇز ئال، ئۇچ يارماققا سەي ئال، بىر يارماققا چىگە ئال، — دەپتۇ.

سەنا بازارغا چىقىپ، رەنانىڭ ئېيتقىنىدەك يۇڭنى سېتىپ، ئالدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ سارايغا كىرىپتۇ. رەنا چىگىنى شوينا ئېشىپ، ئالغان نەرسىلەرنى قويغا راسا ئوبدان تېڭىپ، يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

كەچقۇرۇن، ئۇنى ساقلاپ تۇرغان ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى سەنانى كۆرۈپ بىر خۇشال بولسا بىر ھەيران بولۇپ:

— سەن قانداق قىلدىڭ، — دەپ سوراپتۇ. سەنا بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سەنانىڭ ئاكىسى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئاشۇ قىزنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل بوپتۇ. لېكىن ئۇ قىزنىڭ سەناغا كۆڭلى بار - يوقلۇقىنى بىلمىگەچكە بىئارام بوپتۇ. ئەتىسى سەنانىڭ ئاكىسى ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سەنانى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سەن بۈگۈن ئېغىلدىكى ئېشەكنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئېشەككە يەم - خەشەك ئوزۇق ئېلىپ، ئېشەككە مىنىپ چىققىن، — دەپ يولغا سېپتۇ.

سەنا ئېشەكنى مىنىپ، بازارغا بېرىپ، رەنانىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپتۇ. رەنا سەنانىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئوغۇل بالىچە ياسىنىپ چىقىپتۇ. بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمەسلىكنى سەناغا دەپتۇ. ئۇلار ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن بىر ئادەم كېلىپ ئۇلاردىن ئىشلەيدىغان، ئىشلىمەيدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئوغۇل بالىچە ياسىنىۋالغان رەنا:

— بىز ئىشلىمەيمىز، ئېشىكىمىز ئىشلەيدۇ، — دەپتۇ.

ئۇ كىشى سەنانىڭ ئېشىكىنى ئىشلەتمەكچى بوپتۇ. ئىش ھەققىنى دېيىشىپتۇ. ئۇ كىشى ئېشەكنى ئىشلىتىپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىغا بىرمۇنچە پۇل بېرىپتۇ.

رەنا پۇلغا ئېشەككە يەم - خەشەك، ئاكىسى، يەڭگىسى ئۈچۈن بىر تاغار قوغۇن ئېلىپ، ئاشقان پۇلنى سەناغا تۇتقۇزۇپ، يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

سەنا كەچقۇرۇن ئىشەككە مىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى ھەيران بولۇپ:

— سەن قانداق قىلدىڭ، — دەپتۇ، سەنا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاكىسى سەنانىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئۇ قىزنىڭ سەناغا مەيلى بارلىقىنى پەملەپتۇ، لېكىن سەناغا ياردەم قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتامدۇ ـ يە دەپ ئويلاپ، يەنە دىلىغۇل بوپتۇ. ئەتىسى ئۇ قىزنىڭ سەناغا راست كۆڭلى بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سەنانى يەنە ئالدىغا چاقىرىپ:

— سەن بۈگۈن يەنە بازارغا بارغىن، ئۆيدىكى چار خورازنى سېتىپ، پۇلىغا دان، ئۆزۈڭگە ۋەدە ئېلىپ، خورازنى چىللىتىپ چىققىن، — دەپتۇ.

سەنا چار خورازنى كۆتۈرۈپ بازارغا كەپتۇ. كىشىلەر:

— ئەي يىگىت، خورازنى ساتامسەن، — دەپتۇ. سەنا:

— ساتىمەن.

— نەچچىگە ساتىسەن؟

— پۇلىغا دان، ئۆزۈمگە ۋەدە ئېلىپ، خورازنى چىللىتىپ ئۆيگە قايتىمەن، — دەپتۇ. كىشىلەر سەنانىڭ گېپىگە راسا كۈلۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ سەنا يەنە رەنانىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزىگە دىققەت قىپتۇ. رەنا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، يەنە ئوغۇل بالىچە ياسىنىپ، ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئۇ سەنانى ئەگەشتۈرۈپ بازاردىكى توخۇ سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا باشلاپ بېرىپتۇ. كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، توخۇ

سوقۇشتۇرماقچى بولۇپ، مەيدانغا تاشلاپتۇ. قارشى تەرەپمۇ يەنە بىر خورازنى مەيدانغا تاشلاپتۇ. ئىككى خوراز شۇنداق سوقۇشۇپتۇكى، مەيداندىكى تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئاخىرى سەنانىڭ تەلىيى كېلىپ خورىزى ئۇتۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار بىرمۇنچە پۇلغا ئىگە بوپتۇ. رەنا پۇلنى سەناغا بېرىپ:

— ئەي يىگىت، مانا بۇ پۇللارغا بازاردىن خورىزىڭغا دان ئېلىپ قايتقىن، — دەپتۇ. سەنا:

— داننىغۇ بازاردىن ئالىمەن، ۋەدىنى كىمدىن ئالىمەن، — دەپتۇ. رەنا:

— كىم سېنى ۋەدە ئېلىپ كەل دېدى، — دەپ سوراپتۇ. سەنا:

— ئاكام شۇنداق دېگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

رەنا سەنانىڭ ئاكىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ:

— بېرىپ ئاكاڭغا ئېيتقىن، بولدى مەن ۋەدە بەردىم، — دەپتۇ. سەنا:

— «ئېلىپ كەلگەن ۋەدەڭ قېنى» دېسە مەن نېمە دەيمەن؟ — دەپتۇ.

رەنا يېنىدىن قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن قول ياغلىقىنى سەناغا تۇتقۇزۇپ:

— ۋەدە دېگەن مانا مۇشۇ، ئاكاڭ سورىسا مۇشۇنى كۆرسەتكىن، — دەپ يولغا ساپتۇ.

كەچقۇرۇن سەنا ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشىگە قولتۇقىدىكى چار خوراز ھويلىدىكى مېكىيانلىرىنى كۆرۈپ چىللاپ كېتىپتۇ. سەنانىڭ ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى ھەيران بولۇپ:

— سەن قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. سەنا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سەنانىڭ ئاكىسى:

— ئېلىپ چىققان ۋەدەڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. سەنا قوينىدىن رەنا بەرگەن كەشتىلەنگەن قولياغلىقنى كۆرسىتىپتۇ.

سەنانىڭ ئاكىسى ئۇ قىزنىڭ راستتىنلا ئۇكىسىغا كۆڭلى بارلىقىنى، شۇ قىزنى ئۇكىسىغا ئېلىپ بەرسە، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلالايدىغانلىقىغا كۆڭۈل توختىتىپ، قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ، رەنانى كۆچۈرۈپ كەپتۇ. سەنانىڭ يەڭگىسى چىرايلىق، ئەقىللىق رەنانى كۆرۈپ ھەسەت قىلىپ قاپتۇ ھەم سەنامۇ ئايالى بىلەن بولۇپ ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. سەنانىڭ يەڭگىسى غۇدۇراپ، ئېرىگە دوق قىپتۇ. رەنا يەڭگىسىنىڭ تاپا - تەنىسىنى ئاڭلاپ سەناغا:

— سەن نېمىشقا سىرتقا چىقىپ ئاكاڭنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشمەيسەن، — دەپتۇ. سەنا:

— سەن ئۆيدە تۇرساڭ، مەن قانداق سىرتقا چىقىمەن، — دەپتۇ.

رەنا قېيىنداش بىلەن بىر ئىشنى ھەل قىلغىلى

بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئاخىرى بىر ئەقىل تېپىپتۇ. رەنا ئاق رەختكە ھەرخىل يىپلار بىلەن ئۆزىنىڭ رەسىمىنى كەشتىلەپ سەناغا بېرىپ:

— سەن بۇنى ئېتىزنىڭ قىرىغا قويۇپ ئىشلەتكىن، — دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ سەنا خوتۇنىنىڭ رەسىمىنى ئېتىزنىڭ قىرىغا قويۇپ ئىشلەيدىغان بوپتۇ، سەنا شۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئىشلەمچى بولۇپ كېتىپتۇكى، ئېتىزدا ئىشلەپ ھارغىنىنى بىلمەيدىغان، چاقىرمىسا كەلمەيدىغان، ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشكىچە ئېتىزدىن قايتمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەڭگىسىنىڭ ئاغزىمۇ يېسىقىپتۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ خاتىرجەم ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەنا ئېتىزدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقاندا تۇساتتىن بوران چىقىپ، تەتۈر قۇيۇن رەنانىڭ رەسىمىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. سەنا قۇيۇننىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپ، رەسىم بىر پەسلەپ، بىر ئېگىزلەپ، ئاخىرى كۆزدىن غايىپ بوپتۇ، سەنا ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ، ئۇ رەنانى كۆرۈپ:

— ۋاي، سېنىڭ ھېلىقى رەسىمىڭنى قۇيۇن ئۇچۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىمەن، مەن شۇنى ساڭا ئېيتىپ قويغىلى كەلدىم، — دەپ تاشقىرىغا يۈگۈرۈپتۇ، رەنا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— سەن ئۇنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما، مەن ساڭا باشقىنى كەشتىلەپ بېرەي، — دەپتۇ.

سەنا ئىلاجسىز بوينىنى قىسىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ئەمدى ئىككى ئېغىز گەپنى قوپيۇنتاز ئۇچۇرۇپ كەتكەن رەسىمدىن ئاڭلايلى، قوپيۇنتاز ئۇ رەسىمنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ، شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا تاشلاپتۇ، ئۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولۇپ، ئۈچىلا خوتۇنى تۇغماس چىقىپ قىلىپ، ئاتارمەن - چاپارمەنلەر پادىشاھقا لايىق خوتۇن تاپالماي يۈرگەن كۈنلەر ئىكەن. چاپارمەنلەر قوپيۇنتاز ئۇچۇرۇپ كەلگەن رەسىمنى كۆرۈپ: «خۇدا بىزگە بېشارەت بەردى. رەسىمدىكى پەرىزات پادىشاھنىڭ لايىقى بولۇشقا ھەقلىق» دەپ، رەنانىڭ رەسىمنى كۆتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ ھەم رەسىمنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىش ئەھۋالىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ، پادىشاھ بۇ غايىبتىن پەيدا بولۇپ قالغان رەسىمنى: راستتىنلا خۇدانىڭ بېشارىتى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ھەم رەسىمنى بىر كۆرۈپلا رەسىمدىكى دىلبەرگە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ، پادىشاھ ئاش - تائامدىن قاپتۇ. ئوردا ئىشلىرىنى ئۇنتۇپتۇ، ئەل ئىشىنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ئوڭ قول ۋەزىرى:

— ئەي كەرەملىك شاھىم، نېمە ئىش كۆڭۈللىرىگە مالاللىق يەتكۈزدى؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ، پادىشاھ كۆڭلىدىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوشۇرماي:

— مەن رەسىمدىكى بۇ قىزغا ئاشىق - بىقارار بولدۇم، لېكىن نام - نىشانى بولمىغان بۇ قىزنى نەدىن تېپىشنى بىلمەي نائۈمىد بولدۇم. نام - نىشانىنى بىلمىگەچكە ئۇنتۇپ كېتەي دېسەم مۇمكىن بولمىدى، سەن ماڭا مەسلىھەت بەرگىن، — دەپ ۋەزىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ:

— ئەي پادىشاھىم، سەۋەبى ئالەم، يۇرتقا جاكارلايلى، قىزنىڭ ئۆچۈرىنى بىلىدىغان بىرەرسى چىقىپ قالار، — دەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ:

— كىمدە كىم بۇ قىزنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسە، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام بېرىمەن، — دەپ جاكارلاپ، رەنانىڭ رەسىمىنى كۆپەيتىپ دوقمۇش، كوچا - كوچىلارغا چاپلاتقۇزۇپتۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئىنئامغا قىزىقىسمۇ، لېكىن رەسىمنىڭ غايىبتىن چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىزدەشكە قىزىقماپتۇ. ئەمما ئاشۇ يۇرتتا بىر ھەييار بار ئىكەن. ئۇ: بىكار يۈرسەممۇ يۈرىمەن، ئىزدەپ باقسام تېپىلىپ قالسا، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولمايمەنمۇ؟ دەپ ئويلاپ، سېتىقچى قىياپەتتە بىر پارچە ئەينەككە رەنانىڭ رەسىمىنى چاپلاپ، 90 كۈن يول يۈرۈپ، سەنالارنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قاپتۇ. شۇ كۈنى

سەنا بازارغا بېدە كۆكى ساتقىلى كىرگەنىكەن، ئۇ بېدە كۆكىنى سېتىپ بولۇپ بازار ئارىلاپ يۈرسە، بىر ھەييارنىڭ:
— ئەي خالايىق، بۇ قىزنى كۆرمىگەن بولساڭلار كۆرۈۋېلىڭلار، — دەپ ۋارقىراپ، ھەربىر ئادەمدىن بىر يارماق ئېلىپ، خالايىققا بىر قىزنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سەنا ئۇ رەسىمنى كۆرۈپلا ھېلىقى ھەييارنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ:
— سەن مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ رەسىمىنى نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپتۇ. ھەييار ئىشەنمەي:
— سېنىڭ بۇنداق ئايالىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.
— ماڭ، ئىشەنمىسەڭ ئۆيگە بېرىپ كۆرۈپ باق، — دەپ ئۇنى سۆرىگىنىچە ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ.
ھەييار سەنانىڭ كەينىدىن بېرىپ قارىسا، راست دېگەندەك رەسىمدىكى قىز ئۆيدە ئولتۇرغانىكەن، ھەييار خۇشاللىقىدىن ئىككى يېنىغا قارىماي، كېتىپ قاپتۇ.
ھەييار كەتكەندىن كېيىن رەنا سەناغا:
— ئەي سەنا، بۇ ئىشىڭ قاملاشماي قالدى، ئۇ ئادەم بىكار ئادەم ئەمەس، سەن ماڭىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، سەن ئاخىر مېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇڭ، — دەپ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دەپتۇ.

سەنا ئايالىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ بېشى ساڭگىلاپ كېتىپتۇ، ئاخىرى ئۇ:

— مەن نېمە بولسام مەيلى، سېنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، — دەپتۇ.

ئۇلار ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ. ھەتتا يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن ئۆزلىرىگە كېلىدىغان پېشكەللىكتىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي غەم بىلەن يىتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا غايىبتىن بىر ئاۋاز كەپتۇ:

— ئەي قىزىم، غەم يېمە! ئېيتقان سۆزلىرىمنى كۆڭلۈڭدە مەھكەم ساقلا، ئېسىڭدىن چىقارمىساڭ، مەن ساڭا مەدەت بېرىمەن، — دەپتۇ. رەنا غايىب ئاۋازنىڭ ئېيتقانلىرىنى دىلىغا پۈكۈپ: «ھەشقاللا، رەھمەت» دەپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ چۈشىدە غايىبتىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى ئەسلەپتۇ. ھەممە سۆزلەرنىڭ ئېسىدە ئېنىق قالغانلىقىنى بىلىپ خۇشال بوپتۇ. ئۇ دەرھال سەنانى ئويغىتىپ:

— ئەي سەنا، ئەگەر ئۇلار مېنى ئالغىلى كەلسە بەرمەيمەن دەپ قارشىلىق قىلماي مېنى بەرگىن. ئۇلار مېنى ئېلىپ كەتسۇن، كېيىن سەن، قۇش تېرىسىدە بۆك كىيگىن، توشقان تېرىسىنى ئۇلاپ كالتە جۇۋا كىيگىن، ساتقۇچى بولۇپ، قولۇڭغا توكۇلاڭ ئالغىن. «قۇشقاچ تېرىسىدە بۆك كىيدىم، توشقان تېرىسىدە جۇۋا، سېتىشىم ئۇپا ـ ئەڭلىك» دەپ توۋلاپ يۇرتمۇ

يۈرت كېزىپ مېنى ئىزدە، لېكىن مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىپ سورىما، — دەپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. دېگەندەك پادىشاھنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى كېلىپ رەنانى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئېلىپ كېتىپتۇ.

رەنانى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن سەنا رەنانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، رەنا تەييارلاپ بەرگەن بۆك بىلەن كالتە جۇۋىنى كىيىپ، سېتىقچى قىياپىتىدە ئېشەككە مىنىپ رەنانى ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

رەنا ئوردىغا ئېلىپ كېتىلىپتۇ. رەنا قارشىلىق قىلسا، ئۆزىنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، كىشىلەر ئۆز جۈپتىدىن ئايرىلسا «ئىدەت» تۇتىدۇ. ئەگەر، شۇنىڭغا رۇخسەت قىلسىلا ئەمرىلىرىگە ئۆتەي، بولمىسا ئالدىلىرىدا ئۆلۈپ بېرىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ رەنانىڭ 100 كۈن ئىدەت تۇتۇشىغا قوشۇلۇپ ئۇنى ياخشى كۈتۈپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ ئاي توققۇز كۈن ئۆتۈپتۇ. رەنا سەنانىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. شۇ كۈنى سەھەر سەنا بۇ شەھەر كوچىلىرىدا توكۇلداڭ سوقۇپ يۈرۈپ:

— قۇشقاچ تېرىسىدە بۆك كىيدىم، توشقان تېرىسىدە جۇۋا، سېتىشىم ئۇپا - ئەڭلىك، — دەپ ۋارقىراپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىقى، ھەرىكىتى، گېپىگە قىزىقىپ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. پادىشاھنىڭ چاپارمەنلىرى بۇ ئىشنى يېڭىلىق قاتارىدا پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ ئىش پادىشاھقا قىزىق تۇيۇلۇپتۇ. رەنامۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۈچ ئايدىن بېرى رەنانىڭ بىرەر قېتىم كۈلگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەن، ئۇنىڭ كۈلكىسى پادىشاھنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سېلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي رەنا، نېمىگە كۈلدۈڭ، — دەپ سوراپتۇ. رەنا:

— ئۇلار بەك كۈلكىلىك ئىشنى سۆزلەۋاتامدۇ. ئادەم دېگەن قوشقاچ تېرىسىدە بولۇپ، توشقان تېرىسىدە جۇۋا كىيگەن بارمۇ؟ ئەگەر راست شۇنداق بولسا شۇ ئادەمنى بىر كۆرۈپ باقساق بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ رەنانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن:

— ئۇ كىشى قانداق بولسا شۇنداق ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ چاپارمەنلەرگە بۇيرۇپتۇ.

چاپارمەنلەر سەنانى ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. سەنا پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئېشەكتىن چۈشمەي، ئۆزىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ يەتتە دەرۋازىدىن كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن رەنا تېخىمۇ قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ يىقىلىپ قالغىلى تاس قاپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قاراپ:

— ئاشۇ كىيىملەرنى مەن كىيىپ شۇنداق قىلسام قانداق قىلارسەن، — دەپتۇ. رەنا:

— سىلى ئۇنداق قاملاشتۇرالمايلا، قېنى سىناپ باقسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ رەنانىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ماقۇل بوپتۇ. پادىشاھ سەنانىڭ كىيىملىرىنى كىيىپتۇ. ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى سەناغا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ، بۇنى كۆرگەن رەنا:

— بىر ئاز قاملاشتى، ئوردىدىن چىقىپ، دەرۋازىدىن توكۇلاڭ سوقۇپ كىرىپ باقسىلا، بايىقىدەك كۈلكىلىك بولارمىكىن، — دەپتۇ.

پادىشاھ تاشقىرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا تەختتە ئولتۇرغان سەنانىڭ قولىقىغا دەيدىغان گەپنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ، پادىشاھ تاشقىرىغا چىقىپ كەينىگە يېنىپ ئىككىنچى دەرۋازىدىن كىرىشىگە سەنا:

— بۇ ساراڭ كىمنى كۆزگە ئىلماي مېنىڭ ئوردامغا كىرىدۇ، دەرھال تۇتۇپ دارغا ئېسىڭلار، — دەپتۇ.

چاپارمەنلەر پادىشاھنى تۇتۇپ دارغا ئاسماقچى بولۇپتۇ. پادىشاھ:

— مەن پادىشاھ — دەپتۇ. سەنا:

— ساراڭ بولمىسا، ئېشەك مىنىپ، توشقان تېرىسىدە جۇۋا كىيگەن ئادەم ئۆزىنى پادىشاھ دەمدۇ، تېز دارغا ئېسىڭلار، — دەپتۇ.

چاپارمەنلەر پادىشاھنى دارغا ئېسىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەي، كىشىلەرنىڭ ھالال جۇپتىگە بەتنىيەتتە

بولغان پادىشاھ ئۆز جازاسىنى تارتىپتۇ. رەنا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، سەنانى پادىشاھ تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئوردا ئەھلى، چاپارمەنلەرمۇ: «بۇمۇ تەقدىرنىڭ قىسمىتى» دەپ سەنا پادىشاھ بولغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سەنانىڭ ئەقىللىق، چېچەن خوتۇنىنىڭ ئەقلى بىلەن يۇرتنى ياخشى سوراپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.①

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم

---

① «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن ئېلىندى.

## «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلايدۇ»

ئاجايىپ ـ غارايىپ قىسسە ۋە ھېكايىلەرنى سۆزلىگۈچىلەر رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەۋلىيا سۈپەت شائىر شامەشرەپنىڭ غەزەل ۋە بېيىتلىرى ئۆز زامانىسىدىنلا پۈتكۈل ئەھلى ـ ئىقلىمغا مەشھۇر ئىكەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر دېھقان ئۆز ئېتىزلىقىدا قوش ھەيدەپ يۈرۈپ، ھەزرىتى شامەشرەپنىڭ غەزەللىرىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇپتۇ. ئەمما ئۇ دېھقان بۇ غەزەللەرنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە رەتسىز، بەزى جايلىرىنى خاتا ھەمدە بېيىتلىرىنى ئىلگىرى ـ كېيىن قىلىپ ئۆگىنىۋالغانىكەن. دېھقان ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن غەزەل ئوقۇۋاتقاندا ھەزرىتى شامەشرەپ شۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپتۇ. تىڭشىغۇدەك بولسا دېھقان غەزەللەرنى توغرا ئوقۇماپتۇ. شامەشرەپ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئۆز غەزەللىرىنى بۇزۇپ، خاتا ئوقۇشىنى ياقتۇرمايدىكەن، بەلكى قاتتىق خاپا بولار ئىكەن. ئۇ چاغدا شائىر: ئەگەر مەن دېھقانغا مېنىڭ غەزەللىرىمنى خاتا،

غەلىتە قىلىپ ئوقۇدۇك دەپ رەنجىسەم، ئۇنىڭغا قانچىلىك تەسىر قىلار؟ ئۇنىڭدىن كۆرە باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلماسلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۆڭىكىدىن ئۆتكۇدەك بىر تەنبىھ بېرىپ قوياي، دەپ ئويلاپتۇ ۋە دېھقاننىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەي، بەرىكەتلىك دېھقان، ئەتىگەندىن يەر ھەيدەپ ھارغانسىز، قوشىڭىزنى مەن ھەيدەي. سىز بۇلاق بويىغا بېرىپ ئۇسسۇلۇق ئىچكەچ ئارام ئېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ.

دېھقان بۇ ئاق كۆڭۈل يولۇچىدىن تەسىرلىنىپ شامەشرەپكە قوشنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىپتۇ ۋە بۇلاق بويىغا بېرىپ سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. شامەشرەپ قوشنى قولىغا ئېلىپ، ئۆكۈزلەرنى تاپتىن چىقىرىپ بىردە توغرىسىغا، بىردە ئۇزۇنىسىغا قىلىپ چۆرگىلىتىپ ھەيدەپ، يەرنى ئۆمۈچۈكنىڭ توردەك ئاغدۇرۇۋېتىپتۇ. بىر چاغدا دېھقان كېلىپ ئالا ھەيدەلگەن يەرگە قاراپ شامەشرەپكە تەنە ۋە تەئەججۇپ بىلەن ئاچچىق قىلىپ:

— سەن كىم بولىسەن؟ مەن يېرىمنى ھەيدەپ بەرسەڭ دەپ ساڭا ھال ئېيتقانمىدىم؟ نەدىن كېلىپ بىر ئوبدان يۇرۇشۇۋاتقان ئىشىمنى بۇزۇشنى ئىختىيار قىلىپ قالدىڭ؟ ئەمدى تاپتىن چىققان يەرگە ئۆكۈزنى قانداقمۇ رۇس ماڭغۇزىمەن؟ قورۇسۇن سېنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭ! يولۇڭغا ماڭ! — دەپتۇ.

شامەشرەپ دېھقانغا قاراپ كۈلۈپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— شۇنداق، سىزنىڭ يېرىگىزنى تاپتىن چىقىرىپ، ئوڭ - تەتۈر ھەيدىگىنىم ئۈچۈن مەندىن رەنجىۋاتىسىز، بۇنداق قىلىشقا ئەلۋەتتە ھەقلىقسىز، لېكىن سىزمۇ مېنىڭ غەزەللىرىمنىڭ سۆز ۋە بېيىتلىرىنى ئىلگىرى - كېيىن قىلىپ تەرتىپسىز، ھەتتا خاتا، ھېچ مۇقامدا يوق قىلىپ ئوقۇدىگىز. شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ سىزنىڭ يېرىگىزنى ئوڭ - تەتۈر ئاغدۇرۇپ، ئېسىڭىزدىن چىقمىغۇدەك ساۋاق بېرىشنى نىيەت قىلدىم. سىز ئەجىر - ئەمگىكىڭىزگە قانچە ئاغرىنىدىكەنسىز، مەنمۇ شۇنچە ئاغرىنىمەن. مېنىڭ غەزەل ئىنشا قىلىشىمدىكى مەقسەت، ئۇنى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئاتىدىن بالىغا قېلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ قالسۇن، سىزگە ئوخشاش كۈي - غەزەلگە ئاشىق كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئارام ۋە خۇشاللىق بېغىشلىسۇن دېيىشتىن ئىبارەت. ئەمدى سىز غەزەللىرىمنى قالايمىقان، تەرتىپسىز، خاتا ئۆگەنسىڭىز، شۇنداق ئوقۇسىڭىز، كېيىنكىلەر شۇنداق ئۆگىنىۋالسا، بارا - بارا بېيىتلىرىمنىڭ رەت - تەرتىپى، سۆز - جۈملىلىرى ۋە مەنىسى قالايمىقانلىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەمدۇ؟ بىر ئىشنى ئۇستاز تۇتۇپ توغرا، تولۇق ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئۆزىمىز بىلگەنچە ئىشلەتسەك، ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى تولا بولىدۇ. شۇڭا ئۇستاز تۇتۇپ توغرىسىنى ئۆگىنىش كېرەك، — دەپتۇ.

دېھقان شۇ مەھەل ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ دەل ئۇستاز شامەشرەپ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ - دە، ئۇنىڭغا تەزىم

قىپتۇ ۋە ئۇنىڭ تەنبىھ ـ نەسىھەتلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سوراپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شامەشرەپ دېھقاننىڭ قولىدىن قوشنى ئېلىپ ئۆزى ئوك ـ تەتۈر ئاغدۇرۇۋەتكەن يەرنى قايتىدىن تاپقا چۈشۈرۈپ ھەيدەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىملىق گۈزەل كۈي ـ غەزەللىرىنى دېھقانغا تولۇق ھەم توغرىسى بىلەن ئۆگىتىپ قويۇپتۇ.①

ئېيتىپ بەرگۈچى: تاھىر مەخسۇم
رەتلىگۈچى: ئېلى ئىسمايىل

① «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 4 ـ سانى، 71 ـــ 72 ـ بەتلەر.

# مەلىكىنىڭ يىگىت تاللىشى

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، توخۇ داڭگالچى، ئۆچكە جاڭگالچى ئىكەن، قىرغاۋۇل جەدى، قۇيرۇقى يەردە ئىكەن. شۇ زاماندا كوكۇلاچاچ، بېشىدا ئالتۇن تاج بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئارامىلىقتا بىرلا قىزى بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايدىن يىللار توشۇپ، قىز بويىغا يېتىپتۇ، ھۆسن ـ جامالى ھۆر ـ پەرىلەردىن ئېشىپتۇ. ئۇنى بىر كۆرگەن يىگىتلەر ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ، ۋۇلقان بولۇپ ياندىكەن، ياسىنىپ ـ جابدۇنۇپ ئوردا تامان چاپىدىكەن. مەلىكە بولسا، يىگىتلەرنىڭ بىرىنى ئورۇق، بىرىنى سېمىز، بىرىنى ئېگىز، بىرىنى پاكار، بىرىنى چاكار ...ئىكەن دەپ ھەممىسىگە ئەيىب قويۇپ قايتۇرۇۋېرىپتۇ. قىزنىڭ بۇ قىلىقىدىن رەنجىگەن شاھ بىر كۈنى قىزىنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ:

— چىرايلىق قىزىم، مەن قېرىپ قالدىم، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۆز قولۇم بىلەن پەرزىنى ئادا قىلىۋېتەي دەيمەن، قىز بالا ئەردە تۇرمىسا، يەردە تۇرغىنى ياخشى، قانداق دەيسەن؟ قېنى، كۆڭلۈڭدە كىم بار، ئېيتقىن، مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەتكۈزگەيمەن، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلىكە ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.

— ھەي، شانۇ شەۋكەتلىك ئاتا، سىز سورىمىسىڭىز، مەن ئېيتمىسام بولاتتى. خەير، بوپتۇ، ئۇنداق بولسا قۇلاق سېلىڭ گېپىمگە، يەتمەي قويماسمەن تىلىكىمگە. مەن بىر ساھىبجامال گۈزەلدۇرمەن، كۈچلۈكلۈكتە باردىن ئاشادۇرمەن، مېنىڭدەك خىسلەتلىك شاھ قىزىنى بۇ ئىقلىمدا ئەمەس، يەتتە ئىقلىمدىمۇ ھېچكىم كۆرمىگەن بولغىيتتى. مەن يەر يۈزىدە ئۆزۈمگە تەڭ كېلىدىغان بىرمۇ ئەركەكنى ئۇچرىتالمىدىم. قاچان ماڭا ئوخشاش تەڭدىشى يوقتىن بىرى چىقسا، شۇ چاغدا مۇرادىم ھاسىل بولىدۇ...

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاھ قىزىنىڭ ھالىغا بېقىپ، ئېغىزىنى قۇلاققا يېقىپ، — قۇياشقا ئەلچى ئەۋەتكىن، ئەنە شۇنىڭ بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق، بەلكىم ساڭا ياراپ قالار.

مەلىكە دادىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ چەندان خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆز قەسرىگە كىرىپ، ھامامدا يۇيۇنغاندىن كېيىن، يۈزلىرىگە يەنە بىر قۇر ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ، قاش ـ كىرپىكلىرىنى ياساپتۇ، زەر باسقان شايى كۆڭلىكىنى كىيىپ، بېشىغا مەلىكىزادىلىق ئالتۇن تاجىسىنى تاقاپتۇ. ئاندىن قۇياشقا ئەلچى ئەۋەتمەككە ئوڭ قول كېنىزەكنى تاللاپتۇ. ئۇمۇ ئۆزىگە ئوخشاش گۈزەللەردىن بىرى ئىكەن، مەلىكە: «ئۇنى ئەۋەتسەم شەيتان ئارىلىشىپ قالمىسۇن يەنە»، دېگەن ئويغا كېلىپ، يېگانىلا چاھار بېغىغا چىقىپتۇ.

ــ ئى قۇياش، ــ دەپتۇ مەلىكە ئاسمانغا قاراپ، ــ پۈتكۈل يەر يۈزىدە تەگدىشىم يوقتۇر مېنىڭ، ئۆيلىسام پۈتكۈل كائىناتتا تەگدىشىڭ يوقكەن ھەم سېنىڭ، شۇ ۋەجىدىن سېنى ئۆزۈمگە لايىق تاپتىم، تېزراق كەلگىن بىر قارارغا قېنى، لەۋزىمنى ئېلىپ ئەمرىڭگە ئالغىن مېنى...

قۇياش مەلىكىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپتۇ ۋە:

ــ بىلىسىگىز خېنىم، باردۇر يۈزۈمدە دېغىم، ئول نۇر ـ جامالىمنى توسۇپ ئالار تېخى بۇلۇت تاپتۇرماي تىنىم. دېمەككى، پەقىردىن قابىلدۇر بۇلۇت، ئاڭا بېرىپ ئىزھار ئەيلەڭ رىشتىڭىزنى، قوبۇل قىلار ئۇ ھەرقاچان سىزدەك گۈل ـ جامالنى، ــ دەپتۇ.

مەلىكە ئويلاپ باقسا، قۇياشنىڭ ئېيتقانلىرى ھەق راست. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇلۇتنى تاپماقچى بوپتۇ، ھىجرەتتىن يىغلا قايتىپ كەلگەن ئوردا ئۆلىماسىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، قىرىق ئات ـ قېچىرغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ئارتىپ، قىرىق ياساۋۇل، قىرىق كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا تەختى ماكان شەھرىدىن شور دەرياغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ئاي مېڭىپتۇ، ئىككى ئاي مېڭىپتۇ، ماڭا ـ ماڭا ئاخىرى مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ. دېگەندەك ئۇ يەردە تۇرمەل ـ تۇرمەل قارا ئىستەك بۇلۇتلار سۇ ئىچىپ تۇرۇشقانىكەن. مەلىكىنىڭ جېنى يايراپ، تىلى سايراپ كېتىپتۇ.

ــ ئەسسالام بۇلۇتجان، ــ دەپ سالام بېرىپتۇ مەلىكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېشىنى ئېگىپ، — ئاڭلىسام بۇ جاھاندا تەڭدىشىڭ يوقمىش سېنىڭ، مەنمۇ ھەم تەڭدىشى يوقتىن بىرى، مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ كەلدىم قېشىڭغا، شېرىك قىلغىن ئىشىڭغا.

بۇلۇت بېشىنى چايقاپ دەپتۇ:

— مېنىڭمۇ ئاجىزلىق تەرەپلىرىم بار، قانداق دېسىڭىز بوران چىقتىمۇ تۈگەشكىنىم شۇ، ئۇ مېنى تاغدىن ـ تاغقا، مەغرىپتىن ـ مەشرىققا سۈرۈپ يۈرۈپ ماجالىمنى قويمايدۇ. بورانغا تېگىشىڭ خېنىم، — بۇلۇت شۇنداق دەپتۇ ـ يۇ، پەرۋاز قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

بوران مەلىكىنى كۆھقاپتا كۈتۈۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئاڭلاپ خىجىللىق بىلدۈرۈپ مۇنداق نەزم قېتىپتۇ:

خوپ كەپتىكەنسىز مەلىكەم،
تىلىم قىسقىدۇر ۋە لېكىن،
ئېيتىپ كەلسەم دەردىم تولا،
بىر ئاڭلاپ قويسىلا بولا.

تۇرار چۆلدە بىر ئەسكى تام،
توسۇپ يولۇمنى ھەر قاچان،
ئۆتمەككە ھالقىپ كۈچۈم كام،
بارسىڭىز ئاڭا ھەي جانان.

مەلىكە بورانغا رەھمەت ـ تەشەككۈر ئېيتىپ، قايتىپتۇ.

قايتىشىدا چۆلدىن ئۆتۈپتۇ. چۆلدە ئۇنىڭغا شۇنداق بىر خارابىلىق ئۇچراپتۇكى، ئۇ دەل بوران باتۇر ئېيتقان ئەسكى تاملىقنىڭ ئۆزى ئىكەن. مەلىكە قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان خارابىلىقنى ئارىلاپ، ھەممىدىن ئېگىزرەك، رەڭگى قىزىللىراقىنىڭ تۈۋىدە توختاپتۇ.

— ھەي، دەردىمگە داۋا، گۈل بېغىمغا ناۋا تام، تاپتىم مىنىڭ بىر جاپادا سېنى، قۇلاق سالغىن بۇنچە كۆيدۈرمەي مېنى، — دەپتۇ مەلىكە ئەسكى تامغا مۇراجىئەت قىلىپ. سورىساڭ مېنى نامى — ئەمالىم مەلىكىزادە، كەلدىم قېشىڭغا بىلىپ سېنى بىر ئېسىلزاد، قويسام سەن بىلەن بىر ياستۇققا باش، بولار ئاندىن يېگەن - ئىچكىنىم ئاش، قوبۇل قىلغايسەن تىلىكىمنى.

ئەسكى تام مەلىكىنىڭ تەگدىشى يوقلارنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى بۇلۇتتىن ئاڭلىغان ئىكەن. ئۇ مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىدىن ھەممىنى چۈشىنىپتۇ.

— يىراق يولدىن ھېرىپ - ئېچىپ، ئىزدەپ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت. ئەمما يوشۇرمايمەنكى، — دەپ ھال ئېيتىپتۇ تام، — بويۇم ئېگىز بولغىنى بىلەن ئىچىم كاۋاك پور كۆتەكمەن. قانداق دېسىڭىز، بىزنىڭ بۇ دەرگاھىمىزدا ئۆزى مۇشتەك، قۇيرۇقى يىكتەك بىر مەخلۇق بار. ئۇ، قاش قارايدىمۇ ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ، شۇم بۇرۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ، چاتراقلىرىمدىن ئۆتۈشكە باشلايدۇ، بىردەمدىن كېيىن چۇرۇقلىشىپ ئاياغلىرىمغا يامىشىدۇ، يامىشىدۇ - دە، ھوڭگول چىشلىرى بىلەن تاك

ئاتقۇچە غاجىلاپ بىرلىك ئېتىمىدىن چۇشۇرۇۋېتىدۇ. شۇنداق چاغلاردا تام بولۇپ قالغىنىمغا قىلغان پۇشايمىنىمنى ئالغىلى قاچا، چىقىۋالغىلى ئاچا تاپالماي قالىمەن. ھەي ناتىۋان قىز، مېنىڭ ھالىم ئەنە شۇ، رەنجىمەي چاشقانجان بىلەن ئۆيۋاقلىق بولۇپ قالسىڭىز.

ئەسكى تامنىڭ ئېيتقانلىرى مەلىكىدە چاشقانغا بولغان ھۆرمەت، ئىشق ئوتىنى ئۇلغايتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇك - تاقلىرىنى چۇشۇرۇپ، بىر دۆۋە نەم توپىغا تىزلىنىپ، كىچىككىنە تۆشۈككە تەلمۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئولتۇرا - ئولتۇرا بىر كەمدە قاش قارىيىپ كۆز باغلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا چاشقان تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئەتراپقا بىر قۇر سەپ ساپتۇ - دە، ئاندىن ئاستا سىرتقا چىقىپتۇ. شۇ ئاندا مەلىكە سالام بېرىپ، ئۆز مۇھەببىتىنى بايان ئەيلىگەن ئىكەن، چاشقان ئەپۇ سوراپ دەپتۇ:

— پېقىر چاشقانجاننىڭ ھالى خاراب، باغرى كاۋاپ. سەۋەبى، بىزنىڭ بۇ ئايۋان - سارايلىرىمىز ئەتراپىدا مۇشۇك ئىسىملىك بىر نېمە بار. ئۇ بىزگە كارامەت ئۆچ، تۇتۇۋالدىمۇ چايناپ گۆشىمىزنى چەيلەپ، سۆڭىكىمىزنى سەيلەپ قويىدۇ. ۋاي، ئەنە ئۇ كەپ قالدى ... — چاشقان گېپىنى ئۈزۈپ، قېچىپتۇ. مەلىكە مۇشۈكنىڭ ئالدىنى توسۇپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن، مېنى ئۆز

ئەمرىڭىزگە ئىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

مۈشۈك مەلىكە بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشىپ ئەسىر الاشقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىتتىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇ ئەتراپتا يۈندى يالاپ، چاشقان ماراپ يۈرىدىغان قىزىل كۆز بىر قوتۇر ئەركەك ئىت بار ئىكەن. مەلىكە دەل شۇنىڭغا هال تۆكۈپتىكەن، ئىت «ئۆزى كەلگەن يار ئىكەن، ئۆتكۈزۈۋەتمەي پۇرسەتنى» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئىگىسىدىن قورقىدىغانلىقىنى يوشۇرۇپ، مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. مەلىكە ئىت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

«تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ» دېگەن هېكمەت ئەنە شۇ زاماندىن قالغانىكەن.①

رەتلىگۈچى: سىيىت زۇنۇن

---

① «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 3 ـ 4 ـ سانلىرى، 55 ـ بەت.

# قاسساپنىڭ قىزى

بالىلىق كۈنلىرىمدە رەھمەتلىك چوڭ ئانامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، قەدىمكى چىن ماچىن شەھىرىدە قاسىم ئاخۇن دېگەن بىر قاسساپ ئۆتكەن بولۇپ، ئابدۇللا ۋە پەزىلەتخان ئىسىملىك ئىككى پەرزەنتى بىلەن بىللە ياشايدىكەن. ئۇ ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىپ، بەزىلىرىگە ياغ بىلەن پەش، بەزىلىرىگە گۆشى بىلەن بەز سېتىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بېيىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاسىم قاسساپ غەلىتە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، قىزى پەزىلەت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قاپتۇدەك. ئەتىسى قاسساپنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، ئاخىرى تاش مەھەللىسىدىكى ئىسكەندەر ھاجىنى ئۆيگە چاقىرىپ مېمان قىپتۇ ۋە سۆز ئارىسىدا:

— ھاجىم، تۈنۈگۈن كۆرگەن بىئەدەپ چۈشۈمدە، قىزىم پەزىلەتخان بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بىر نامەھرەمچىلىك پەيدا بولدى. بۇ چۈشۈمگە بىر دانا تەبىر بېرىپ، مەن گۇناھكارنىڭ كۆڭلىنى بىر يورۇتار، دېگەن ئۈمىدتە ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلغانتىم، — دەپتۇ.

— ھەي قاسىم ئاخۇن، خۇدا ئۆز بەندىسىگە مۇنداق مۇشكۇلچىلىكنى كۆرسەتمىسۇن، — دەپتۇ ئىسكەندەر ھاجى، — سىلىنىڭ بۇ كۆرگەن چۈشلىرى يامانلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇ، گۇناھلىرىنىڭ تاغدىنمۇ ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ بېشارىتىدۇر.

قاسىم ئاخۇن:

— شەرىئەتتە بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بارمىدۇ، ھاجىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىسكەندەر ھاجى:

— مەگەركىم سىلە، چوڭ يول بويىغا مىڭ تۈپ ئاق ئۈجمە دەرىخى تىكسىلە، بۇ مېۋىگە كىرسە، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەج قىلىپ يانسىلا گۇناھلىرى ساقىت بولۇپ، ھەر ئىككىلا ئالەم سىلىگە يورۇق بولغاي، — دەپتۇ.

قاسىم ئاخۇن شۇ يىلى تازا سورتلۇق ئۈجمە كۆچىتىدىن مىڭ تۈپ سېتىۋېلىپ، شەمسى تەبرىزىمدىن شەھەرگىچە بولغان چوڭ يول بويىغا تىكىپتۇ. ياخشى پەرۋىش قىلىغانلىقتىن، ئۈجمە كۆچەتلىرى باراقسان بولۇپ ئۆسۈپ، ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ مېۋە بېرىشكە باشلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاسىم ئاخۇن ئىسكەندەر ھاجىنى ئۆيگە چاقىرىپ مېھمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز ئۆتۈنۈشىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇ بولسىمۇ ئۆزلىرىگە ئايانكى، — دەپتۇ قاسىم ئاخۇن، — بالىلىرىمنىڭ ئانىسى يوق، مەن بولسام ئوغلۇم بىلەن سەپەر

قىلماقچى. قىزىم پەزىلەتخاننى بىرگە ئېلىپ يۈرۈش بىئەپ. شۇڭا ئۆزلىرىدەك ئۆلىما زاتنى مەن سەپەردىن يانغۇچە ئۆيۈاقلىرىمغا قاراپ، قىزىمغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارمىكىن، دېگەن نىيەتتە بولغانىدىم.

ئىسكەندەر ھاجى ئۆزىنىڭ خالىس نىيىتىنى بايان قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قاسىم ئاخۇن يۈك - تاقلىرىنى تېڭىپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى كولاپ ئېلىپ، ئىسكەندەر ھاجىغا كۆپ ئىنئاملار بېرىپ يولغا چىقىپتۇ.

قاسىم ئاخۇننىڭ قىزى پەزىلەتخان گويا بەدەنلىرى ئاق قاشتېشىدىن ئويۇپ ياسالغاندەك سۈزۈك، چىرايلىق قىزارغان ئالمىدەك رەڭدار، ئاۋازى بۇلبۇلنىڭكىدەك خۇشخۇي، كۆزلىرى بۇلاقتەك، ئاغزى ئويماقتەك ئۇز ۋە زېرەك بىر قىز ئىكەن. ماڭسا ئۇنىڭ قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ئەۋرىشىم بويلىرىغا يېپىشىپ، تاپىنىغا تېگىپ تۇرار ئىكەن. ئىسكەندەر ھاجى قىزنى كۆرۈپ، گويا ئىچىگە يالقۇن چۈشكەندەك، يۈرەكلىرى سوقۇپ پەزىلەتخاننىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. پەزىلەتخان ئىسكەندەر ھاجىنىڭ كۆزلىرىدىكى شەھۋانىيەت ئۇچقۇنلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يالقۇنجاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپتۇ. كېچىلىرى مېھرىبان ئانىسى بىلەن قەدىردان دادىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، زار - زار يىغلاپتۇ. قورققان كۈن ئاخىرى يېتىپ كەپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئىسكەندەر ھاجى ئوغرىلىقچە كىرىپ ئۇنىڭغا چاڭگال ساپتۇ، پەزىلەت ئېپىنى

تېپىپ، ئالدىن يوشۇرۇپ قويغان ئۆتكۈر پىچىقى بىلەن ھاجىنىڭ بۇرنىنى كېسىپ تاشلاپتۇ، ئىسكەندەر ھاجى ۋاي ـ ۋايلىغىنىچە قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھاجى يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە پەزىلەتخان ھەققىدە يالغان ـ ياۋىداق پىتنە ـ پاسات پەيدا قىپتۇ ھەم قاسىم ئاخۇنغا: «قىزىڭىز، سىز كەتكەندىن كېيىنلا يولدىن چىقىپ، نامىڭىزنى بۇلغاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا ئاتا ۋە ئۇستاز ئورنىدا تۇرۇپ نەسىھەت قىلسام، مېنى ھاقارەتلىدى. يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم، شۇنداق بولسىمۇ سىزگە بولغان ئەقىدەم ئۈستۈن چىقىپ، يەنە چىداپ تۇرالماي قىزىڭىزنى يامان يولدىن توستۇم. بىر كۈنى ئۆيگە كىرسەم، بىر ئەبگاھ بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقان ئىكەن، ئىككىسى بىر بولۇپ بۇرنۇمنى كېسىۋەتتى» دەپ خەت يېزىپ، بۇنى كارۋاندىن ئەۋەتىپتۇ. قاسىم ئاخۇن بۇ خەتنى يول ئۈستىدە تاپشۇرۇپ ئېلىپ قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ ھەم ئوغلى ئابدۇللانى قەسەم ئىچكۈزۈپ، پەزىلەتخاننى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. ئابدۇللا كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. سىڭلىسىنى كۆرۈپ يىغىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قولى بارماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا سىڭلىسىغا:

ـــ دادامنىڭ ئالدىدا قەسەم ئىچكەن بولساممۇ، لېكىن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇم بارمىدى. سەن بۇ يۇرتتىن بېشىڭنى ئېلىپ چىقىپ كەت، ئالەمنىڭ ئېتىكى كەڭ، ـــ دەپتۇ.

ئابدۇللا سىڭلىسىنى قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى ئېلىپ، يەنە دادىسىنىڭ يېنىغا مېڭىپ كەپتۇ.

ئەمدى گەپنى پەزىلەتخاندىن ئاڭلايلى:

پەزىلەتخان قەلەندەرچە كىيىنىپ، شەھەردىن چىققاندىن كېيىن، دەريانى بويلاپ يول يۈرۈپتۇ. يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. سۇلارنى كېچىپتۇ، چۆللەرنى كېزىپتۇ، دۆڭلەردىن ئېشىپتۇ، ئاخىرى گىياھتىن، ئادەمزاتتىن ئەسەر بولمىغان پايانسىز قۇملۇققا كىرىپ قاپتۇ. ئۇيان مېڭىپتۇ، بۇيان مېڭىپتۇ، بۇ يەردىن ھېچقانداق قىلىپ چىقىپ كېتەلمەپتۇ. پەزىلەتخان ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق ھەم ھاردۇقتىن قاتتىق ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپ بىر قۇم دۆڭىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، بوينىنىڭ ئاستىنى قۇمغا كۆمۈپتۇ، يىغلا - يىغلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا كىرىيە دۆلىتىنىڭ پادشاھى مۇشۇ چۆلگە شىكارغا چىققان ئىكەن. ئۇ، ئوۋ ئىزدەپ كېتىۋاتسا، پادىشاھنىڭ قولىدىكى قۇش ئىختىيارسىز ئۇچۇشقا تەلپۈنۈپتۇ. پادشاھ ئەتراپقا قاراپ ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرمەپتۇ. قۇش يەنە ئۇچۇشقا تەلپۈنۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر:

— پادشاھىم، قۇشنى قويۇۋېتەيلى، — دەپتۇ.

پادشاھ قولىدىكى قۇشنى قويۇۋېتىپتۇ، قۇش تىك ئۆرلەپ، يىراقتىكى بىر دۆڭنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپتۇ. پادشاھ ئات

چاپتۇرۇپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، قۇشنىڭ ئايىغى ئاستىدا بىر قىز ھوشسىز ياتقۇدەك. پادىشاھ پەرىلەتخانىنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بوپتۇ، ئەسلىدە بۇ پادىشاھنىڭ بىر قانچە خوتۇنى بولسىمۇ، ئەمما زادىلا پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئىكەن. شاھ قىزنى شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ، ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي پەرىلەتخان ھامىلىدار بوپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپتۇ، پەرىلەتخانىنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ شىكارغا ئاتلىنىپتۇ، شىكارغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى كۈنداشلىق قىلىپ، پەرىلەتخانغا داۋاملىق ئازار سېلىپ ھەتتا تۇزۇكرەك تاماقمۇ بەرمەپتۇ، پەرىلەتخان ئاخىرى يەڭگىپتۇ. تۇغقان بالىسى قوشكېزەك بولۇپ، ئايدەك بىر جۈپ ئوغۇل ئىكەن. پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى كىنىدىك ئانىغا بىر قانچە تىللا بېرىپ، ئىككى بوۋاقنى دەرھال كۆزدىن يوقىتىشنى بۇيرۇپتۇ ھەم پەرىلەتخانىنىڭ يېنىغا ئىتنىڭ يېڭىلا تۇغۇلغان ئىككى كۈچۈكىنى قويۇپ قويۇپتۇ، كىندىك ئانا بولسا ئىككى بالىنى ئېلىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ بىر كەمبەغەل مومايغا بېرىۋېتىپتۇ ۋە بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى تاپىلاپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى ياساۋۇلنى پادىشاھنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ: «پەرىلەت بىر جۈپ كۈچۈك تۇغدى» دېگەن خەۋەرنى يوللاپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەزەپكە كېلىپ، ھېلىقى ياساۋۇلنى

چىپىۋېتىپتۇ ھەم ئوڭ قول ۋەزىرىگە دەرھال ئوردىغا قايتىپ، پەزىلەتخاننى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر زېرەك، ئاق كۆڭۈل، دانىشمەن ئادەم ئىكەن. ئۇ، ئۆز ئىچىدە: بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار، دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن بۇ ھەقتە غەزىپى قايناپ تاشقان پادىشاھقىمۇ بىر نەرسە دېمەي مېڭىپتۇ. ۋەزىر ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن يېرىم كېچىدە ئوردىغا كېلىپ پەزىلەتخاننى ئېلىپ چىقىپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قاسىم ھاجىدىن ئاڭلايلى: قاسىم ھاجى بىر يىلدىن كېيىن ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەپتۇ، ئۆزىنىڭ قاسساپلىق ھۈنىرىنى يەنە قىلىشقا باشلاپتۇ، لېكىن قىزى پەزىلەتخاننىڭ قايغۇسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى گويا ھەرە چاققاندەك ئازابلىغاچقا، كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇماپتۇ، تۈنلىرى كۆزلىرى يۇمۇلماپتۇ، بېرىپ - بېرىپ قاسىم ھاجىنىڭ ئەس - ھوشىمۇ جايىدا بولماپتۇ. شۇڭا ئۇ، قاسساپلىقنى ئوغلى ئابدۇللانى قويۇپ، ئۆزى چوڭ بىر كارۋان سارايىنى بىنا قىلىپ، سودىگەرلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، قىزىغا بولغان قايغۇسىنى يەڭگىللىتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ. ئوغلى ئابدۇللا بىر كۈنى گۆش سېتىپ تۇرسا، يۈزىنى تېڭىۋالغان بىر دىۋانە ئايال:

— ھەقدۇس، ئىللاللا! — دەپ دۇكان ئالدىغا كەپتۇ.

ئابدۇللانىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز: «جىغغىدە» قىپتۇ - دە، گەپ قىلماي بىر پارچە گۆش كېسىپ قەلەندەر ئايالنىڭ ئالىقىنىغا تاشلاپتۇ. ئەتىسى يەنە ھېلىقى قەلەندەر ئايال كېلىپ:

— ھەقدۇس، ئىللالا غوجام، — دەپتۇ.

ئابدۇللا دەرھال سېمىز بىر پارچە گۆشنى كېسىپ ئېلىپ، قەلەندەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ، بۇنى كۆرگەن دادىسى:

— ئوغلۇم، خەير - ئېھسان دېگەننىڭمۇ چېكى بارغۇ؟ «قانىنىڭ قەدرىنى سالجى، پۇلنىڭ قەدرىنى ھاجى بىلۇر» دېگەن سۆزنى ئاڭلىماپتىكەنسەن - دە، — دەپتۇ.

ئابدۇللا ھېچنېمە دېمەپتۇ، ئەمما ئىچىدە: ئەجەبا، بۇ قەلەندەرنىڭ ئاۋازى سىڭلىمنىڭ ئاۋازىغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە؟ دەپ ئويلاپتۇ.

كەچتە ئابدۇللا دادىسىغا يەنە بىر خىزمەتچى ياللىساق، دېگەن تەكلىپنى بېرىپتۇ، دادىسى رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئابدۇللا ھېلىقى قەلەندەر ئايالنى ئەتىسى سارايغا ياللاپ ئېلىپ كەپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى: پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، روھى چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھېچقانداق نەرسە ئاچالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ سودىگەرچە ياسىنىپ، باشقا جايلارغا سەپەر قىلىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەزىلەتخان تۇرۇۋاتقان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ھەم تاش مەھەللىسىدىكى قاسىم ھاجىنىڭ سارىيىغا چۈشۈپتۇ. قاسىم ھاجى ئادىتى بويىچە ئاخشىمى ئوغلىنى ئېلىپ، كارۋان بېشىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. روھى چۈشكەن بۇ دەردمەنلەر دەرھال بىر - بىرىگە يېقىپتۇ، قاسىم ھاجى دەررۇ تۇتۇش قىلىپ كارۋان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېشىغا كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. داستىخان ئۈستىدە ئۇلار بىر پەس مۇڭداشقاندىن كېيىن، كارۋان بېشى:

— ھاجىم، شەھەرلىرىدە كۆكسىدە ئوتى، يۈرىكىدە مۇڭى بار كىشى بولسا چاقىرسىلا، ئۇنىڭدىن بىر ئاز گەپ ئاڭلىساق، — دەپتۇ.

— خوپ، — دەپتۇ قاسىم ھاجى ۋە ئوغلىغا قاراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك ئاتا، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە كىرگەن ھېلىقى ئايالنى چاقىرساق بولارمىكىن، — دەپتۇ.

— قېنى ھاجىم، — دەپتۇ كارۋان بېشى، — ئوغۇللىرى گېپىنى قىلغان ھېلىقى ئايالنى بىر گەپ قىلدۇرۇپ بەرسىلە.

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى دىۋانە ئايالنى چاقىرىپتۇ، ئايال بوسۇغا تۈۋىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ يىغلاپتۇ. دادا، ئاكا، سىڭىل قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كارۋان بېشى ئالدىراپ:

— ھاجىم سەۋر قىلسىلا، بۇ ئايالنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىدى. قېنى ئاخىرىسىنى ئاڭلايلى، — دەپتۇ.

پەزىلەتخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىپ، قوم دۆڭنىڭ ئۈستىدىن پادىشاھنىڭ قۇتقۇزۇپ ئالغانلىقىنى سۆزلەپ يەنە يىغلاپتۇ، بۇ چاغدا كارۋان بېشىمۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ پادىشاھ بىلەن پەزىلەتخان تېپىشىپتۇ. ئەتىسى يۇرت - جامائەت بۇ ئاجايىپ ئەھۋالنى

ئاڭلاپ، ئىسكەندەر ھاجىنى راۋاق ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ تاش بوران قىپتۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ سۆيۈملۈك ئايالى پەزىلەتخاننى، قاسىم ھاجى ۋە ئابدۇللانى ئېلىپ ئۆز شەھرىگە قايتىپ كەپتۇ. چوڭ خوتۇننى قىرىق بايتالنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ چۆلگە ھەيدىۋېتىپتۇ، ئوڭ قول ۋەزىرىگە ناھايىتى چوڭ ئىنئاملارنى بېرىپتۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى كېيىنچە كىندىك ئاننىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەچكە، ھېلىقى ئىككى بالىنىڭ دېرىكىنى زادىلا ئالالماپتۇ. پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە پەزىلەتخاننى، راۋاقتا ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتۈن ئاھالىنىڭ راۋاق ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ، شەھەر ئاھالىسى ئۆتۈپ بولۇپتۇ، لېكىن بۇنىڭدىنمۇ نەتىجە چىقماپتۇ.

پادىشاھ ئۆز سىپاھلىرىدىن:

— راۋاق ئالدىدىن ئۆتمىگەن ئادەم قالدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي شاھىم، ياساۋۇللارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، — دەپتۇ سىپاھلاردىن بىرى، — دۆڭ مەھەللىدىكى بىر يىپچى موماي نەۋرەم ئاغرىق دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئۇنى دەرھال نەۋرىسى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئۇزۇن ئۆتمەي موماي ئىككى كىچىك نەۋرىسىنى كۆتۈرۈپ، راۋاق ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ، دەل مۇشۇ چاغدا پەزىلەتخاننىڭ

ئەمچىكى سىرقىراپ ئۇنىڭدىن ئىختىيارسىز سۈت ئېتىلىپ چىقىپتۇ ـ دە:

ــ ۋاي بالىلىرىم، ــ دەپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىككى بالا يىغلاشقا باشلاپتۇ، ئۆز ئائىلىسى بىلەن جەم بولغان پادشاھ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، يېڭىۋاشتىن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ ئەلگە ئاش تارتىپتۇ، قاسىم ھاجى بىلەن ئابدۇللا بىرقانچە ۋاقىت پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ، چەكسىز ئىززەت كۆرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا بالا ئىككىسى ئىجازەت سوراپ، ئۆز شەھەرلىرىگە راۋان بولۇپ بەختلىك ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.[1]

رەتلىگۈچى: نۇرى كېرەم

---

① «كۆكنۇلۇن ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 82 ـ بەت.

# ئۈچ ئالتۇن قورچاق

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكى خانلارنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ تۇرى، رەڭگى، سالمىقى ئوخشاش ئۈچ دانە ئالتۇن قورچاق ياسىتىپتۇ. ئاندىن ئۇ قورچاقلارنى قايسىبىر خانغا ئەۋەتىپ: «بۇ ئۈچ قورچاقنىڭ باھاسى ئۈچ خىل. بىرى ئەرزان، ئىككىنچىسى قىممەت، ئۈچىنچىسى ئۇنىڭدىنمۇ قىممەت. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە، شۇنىڭغا جاۋاب بەرسۇن؟!...» دەپتۇ.

خان ھېلىقى قورچاقلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇيان ئۆرۈپ - بۇيان چۆرۈپ قارىغان بىلەنمۇ باھاسىدا قانداق پەرق بارلىقىغا ئەقلى يەتمەپتۇ. خاننىڭ بېشى قېتىپ، ساراي ئەھلىنى چاقىرىپتۇ ۋە قورچاقلارنىڭ قانداق ئايرىمىسى بارلىقىنى تېپىشنى ئەمر قىپتۇ، لېكىن ئۇلارمۇ بىر نېمە دېيەلمەپتۇ. بۇ خەۋەر ھەممە تەرەپكە تارقاپتۇ. ئەرزىمەس ئەيىب بىلەن زىندانغا تاشلانغان بىر كەمبەغەل يىگىت قورچاقلار توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، خانغا: «رۇخسەت بولسا قورچاقلارنىڭ پەرقىنى مەن تېپىپ باقسام، ئەگەر توغرا تاپالىسام، بۇنىڭ بەدىلىگە مېنى زىنداندىن ئازاد قىلغان بولسىلا...» دەپ ئىلتىجا

قىپتۇ. خان: مەن تېگىگە يېتەلمىگەن ئىشنى ئۇ قانداق بىلەلىسۇن… دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن يىگىتنى سارايغا چاقىرتىپتۇ ۋە قورچاقلارنى يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. يىگىت دىققەت بىلەن قاراپ چىقىپ، قورچاقلارنىڭ قۇلاقلىرى تۆشۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇ بىر يوپۇرماقنىڭ ساپىغىنى ئېلىپ قورچاقلارنىڭ بىرىنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەن ئىكەن، ساپاقنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپتۇ. شۇندىن كېيىن ساپاقنى ئىككىنچى قورچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەن ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر قۇلىقىدىن چىقىپتۇ. ئاخىرى ئۈچىنچى قورچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەندە، ساپاق ئۇنىڭ ئىچىدە قاپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي خان، بۇ قورچاقلار ئادەمگە ئوخشايدىكەن. بىرىنچى قورچاق بىر سۆز ئېيتسا، ئۇنى ئىككىنچى بىرسىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭ باھاسى ئەرزان. ئىككىنچى قورچاق قىلغان سۆز بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. مۇنداق ئادەملەر بىپەرۋا كېلىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەيدۇ، قىلغان نەسىھەتنى ئاڭلىمايدۇ، لېكىن ئۈچىنچى قورچاق ھەرقانداق سۆزنى، ھەرقانداق سىرنى ئىچىدە ساقلىيالايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئىشەنچنى ئاقلىيالايدىغان، ئەقىللىق، تۇتاملىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇدۇر، — دەپتۇ.

يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان ساراي ئەھلى ھەيران قېلىشىپتۇ. خان خۇشال بوپتۇ، يىگىتنى ساراي ئەھلىگە ماختاپتۇ. شۇ ھامان ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىۋېتىپتۇ ـ دە، ھەربىر قورچاققا ئۆز باھاسىنى يازدۇرۇپ پادىشاھقا قايتۇرۇپتۇ[1]...

رەتلىگۈچى: مەمتىلى سايىت

① «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ يىللىق 2 ـ سانى، 77 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تېجەشلىك بالا

بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىكەن. بۇ دېھقانىنىڭ ھال - ئوقىتى خېلى ياخشى بولۇپ، بالىلىرىغا تولىمۇ ئامراق بولغانلىقتىن، ھەر كۈنى بىردىن كۆمۈش تەڭگە بېرىدىكەن. چوڭ بالىسى ناھايىتى ئەركە ۋە بەتخەج بولۇپ، بەرگەن تەڭگىنى كۈنلۈكى خەجلەپ تۈگىتىدىكەن ۋە دادىسىغا يەنە تەڭگە بەر دەپ غەلۋە قىلىدىكەن. ئۇچىسىدا كىيىم، پۇتىدا ئاياغ بىر كۈنمۇ ساق تۇرمايدىكەن. كىچىك بالىسى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىنتايىن ياۋاش ۋە تېجەشلىك ئىكەن. ھەرگىز بىھۇدە پۇل خەجلىمەيدىكەن. ئۇ بىر كىچىك ساندۇق ياساپ، ئۇنىڭغا مەھكەم قۇلۇپ سېلىپ ئۈستىدىن بىر تەڭگە پاتقۇدەك تۆشۈك تېشىپ، دادىسى بەرگەن تەڭگىلەرنى شۇ تۆشۈكتىن ساندۇق ئىچىگە سېلىپ يىغىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ بالا ساندۇقنى بىر قېتىممۇ ئېچىپ باقماپتۇ. ئارىلىقتىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسى قېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ ۋە ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ، جان ئۈزۈش ئالدىدا ئىككى بالىسىنى ئالدىدا تۇرغۇزۇپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

— باللىرىم، كىچىككىنىلەردىن باشلاپ سىلەرگە تاپقان - تەرگىنىمنىڭ ھەممىسىنى بېرىپ باقتىم. سىلەر ئەمدى چوڭ بولدۇڭلار. مەن جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرىمەن. سىلەرگە بىر نەرسە قالدۇرۇپ كېتەلمەيمەن. مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئىككىڭلار بار - يوقنى تەڭ خەجلەپ، تەڭ يەپ، ئىناق ئۆتۈڭلار. ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەڭلار، — دەپ ۋەسىيەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

دادىسى ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاكىسى ئۇكىسىنى چاقىرىپ:

— ئەمدى دادام ئۆلۈپ كەتتى. ھەر ئىككىمىزنىڭ چىرىغى ئۆز ئۆيىمىزدە يورۇسۇن، سەنمۇ ئۆز كۈنۈڭنى ئۆزۈڭ ئال، — دەپ ئائىلىنى ئىككىگە بۆلۈپتۇ. ئۆينىڭ چوڭ يېرىمىنى ئۆزى ئېلىپ، كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئۇكىسىغا بېرىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئاكا - ئۇكا ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئاكىسى بەتخەجلىكى پەيلىدىن، بىر - ئىككى يىلغا قالماي، دادىسىدىن قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ يەپ تۈگىتىپ بوپتۇ، ھەتتا ئۆينىمۇ سېتىۋېتىپتۇ. ئۇكىسى بولسا يەنە تېجەشلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ ئۆيلىنىۋاپتۇ ھەمدە ئىككى بالىلىق بوپتۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئىنتايىن ئىشچان ئايال بولۇپ، ئېرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىكەن. بۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قورۇ سېتىۋاپتۇ. تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپتۇ. بىراق ھېلىقى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى تېخىچە ئاچماپتۇ ۋە ھەر كۈنى بىر تالدىن كۈمۈش تەڭگە تاشلاۋېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر يىلى، بۇ يۇرتتا قاتتىق بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، قورغاقچىلىق بولۇپ كېتىپ ماللار قىرىلىپ تۈگەپتۇ. ئېتىزلاردىن بىر تال دانمۇ ئالغىلى بولماپتۇ. بۇ چاغدا ئاكىسى يەي دېسە نان، كىيەي دېسە كىيىم، كىرەي دېسە ئۆي يوق كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. ئىنىسىنىڭ بۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۆز ئۆيىگە ئەكىلىۋاپتۇ ۋە ياخشى كىيىندۈرۈپ، ياخشى يېگۈزۈپ تۇرمۇشىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئاكىسىنىڭ كۆڭلىگە بىر گۇمان چۈشۈپتۇ ـ دە: «دادام ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا مىراس ماڭا كۆپ قالغان تۇرۇقلۇق مەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم. بىراق ئىنىم كۈندىن ـ كۈنگە باي بولۇپ كېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بولسا كېرەك» دەپ مارىلاشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى، كېچىسى ئۇ ئۇخلىغان بولۇپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ياتقان ئىكەن. ئۇكىسىنىڭ خوتۇنى ئېرىگە:

— ئۆيدە يەيدىغان نەرسە قالمىدى، قولىمىزدا پۇلمۇ قالمىدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز، — دەپتۇ. ئۇكىسى بولسا:

— ھېلىقى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچىدىغان ۋاقىت ئەمدى كەلدى، ئەتە ئۇنى ئېچىپ ئازراق ئاشلىق سېتىۋېلىپ كەلگىن، — دەپتۇ. ئاكىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. تاڭ ئېتىش بىلەن ئۇكىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئايالى بولسا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئاكىسى ئاستا كېلىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن

قارىغۇدەك بولسا، ئىنىسىنىڭ خوتۇنى كىچىك بىر ساندۇقنى ئاچقان ئىكەن. ئاتىنىڭ كاللىسىدەك ئالتۇن كۆرۈنۈپتۇ. ئايال پەم بىلەن ئازراق پارچىلاپ ئاپتۇ ـ دە، ساندۇقنى مەھكەم ئېتىپ قويۇپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.
بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئاكىسىنىڭ بىردىنلا نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ، دادام بىزگە ئالتۇن قالدۇرۇپ كەتكەن ئەمەس، بۇنى چوقۇم ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئىشنى پادىشاھقا خەۋەر قىلسام چوقۇم ئالتۇننى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى زىندانغا تاشلايدۇ. شۇ چاغدا ئۆيۋاقىسى ماڭا ئۆتۈپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دەرھال پادىشاھقا بېرىپ خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرىنى بۇيرۇپ، ئىنىسىنى ئالتۇن بىلەن ئوردىغا ئەكەلدۇرۇپتۇ. پادىشاھ ساندۇقتىكى ئالتۇننى كۆرۈپ:
— بۇنى قەيەردىن ئوغرىلىدىڭ؟ ئەگەر راستىنى ئېيتمايدىغان بولساڭ زىندانغا تاشلايمەن، — دەپتۇ.
— بۇنى ھېچ يەردىن ئوغرىلىغىنىم يوق. كىچىكىمدىن تارتىپ يىغقان، — دەپتۇ ئىنىسى.
— ئۇ يالغان ئېيتىدۇ. بىزنىڭ ئۆيدە ئەزەلدىن ئالتۇن ئىشلىتىپ باقمىغان. ئۇ بۇنى جەزمەن ئوغرىلىغان، — دەپتۇ ئاكىسى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە:
— ئەگەر راستىڭنى ئېيتمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ.
— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئىنىسى، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىچىكىمىزدىن تارتىپ، دادام ھەر كۈنى ھەر بىرىمىزگە بىردىن كۈمۈش تەڭگە بېرەتتى. مەن ئۇنى بۇزۇپ - چاچماي مۇشۇ ساندۇققا تاشلاپ قويۇۋەردىم. دادام ئۆلۈپ كېتىپ، بالا - چاقىلىق بولغاندىن كېيىنمۇ قىلچە بەتخەجلىك قىلمىدىم. تاپقان تەڭگىلىرىمنى مۇشۇ ساندۇققا سېلىپ توپلاۋەردىم. بۇ قېتىم ئاچارچىلىق ئاپىتى بولغاندا يەيدىغانلىرىمىز تۈگەپ قالغانلىقتىن، بۇ ساندۇقنى ئاچتىم. مەن بۇ ئالتۇننى ئوغرىلىغان ئەمەس، بەلكى، نەچچە ئون يىل تېجەشلىك بىلەن قان - تەر سىڭدۈرۈپ ئەجىر قىلغاچقا، ساندۇقتىكى كۈمۈش ئالتۇنغا ئايلانغان، — پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ ۋە بۇ تېجەشلىك بالىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئوردىسىنىڭ خەزىنىچىلىكىگە تەيىنلەپتۇ. ئاكىسى بولسا بەتخەجلىك قىلىپ بۇزۇپ - چېچىپ، يەنە ئۇكىسىغا بەتنام چاپلاپ، سۇيىقەست قىلغانلىقى ئۈچۈن، زىندانغا تاشلىنىپتۇ.①

رەتلىگۈچى: لىتىپ رازىق

① «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانى، 78 - بەت.

# بېلىقچىنىڭ ئوغلى

قەدىمكى زاماندا، دەشت ـ باياۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئەزىم دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە بىر بوۋاي ئۆتكەن ئىكەن، بېلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئامىتى كەلگەن كۈنلىرى قازىنىمۇ ياغ، چۆمۈچىمۇ ياغ بولىدىكەن. ئامىتى قاچقان كۈنلىرى يېگۈلۈك ئىزدەپ بارمىغان يېرى، چىقمىغان دۆڭى، چۈشمىگەن ئۆيى قالمايدىكەن. بوۋاي بىر كۈنى سەۋر قاچىسىنى بەلبېغىغا ئېسىپ، ئوتتۇرانچى ئوغلىنى ئېلىپ دەريا بويىغا بېرىپتۇ. ئۇدا ئۈچ كۈن تور سېپىتۇ، بېلىق چۈشمەپتۇ. ئاتا ـ بالا زار ـ زار قاقشاپ كۆز يېشى قىلىۋاتسا، تورنىڭ بېغى مىدىرلىغاندەك بوپتۇ. بوۋاي خۇشلۇقتا تورنى يىغماقچى بولغان ئىكەن، كۈچى يەتمەپتۇ. ئوغلى ياردەملىشىپتۇ. ئىككىيلەن تورنى سۆرەپتۇ، سۆرە ـ سۆرە ھېرىپ ھالى قالماپتۇ. تورغا تۆگىدەك بىر ئالتۇن بېلىق چۈشكەنىكەن، بوۋاينىڭ ئۇنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىشقا كۆزى يەتمەپتۇ ـ دە، دەريادا تۇرغۇزۇپ پارچىلاپ ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئوغلىغا تورنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۆيىگە پالتىغا كېتىپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بوۋاي دەريا بويىدىن يىراقلىشىپتۇ. بېلىق زوۋانغا كېلىپ ناله قىپتۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئەي يىگىت، بالىلىرىم ئۇششاق ئىدى، چوڭ قىلىۋالاي،
مېنى قويۇۋەت، رەھىم قىل.
— قويۇپ بەرسەم مەن سېنى،
ئاتام ئۆلتۈرەر مېنى.
ئەپۇ قىلغىن ئەي بېلىق،
قۇتقۇزالمايمەن سېنى، — دەپتۇ يىگىت.
بېلىق تورغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، يىگىتنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ
مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

قويۇۋەتمە ھازىرلا،
ئاتاڭ كەلسۇن يېقىنلاپ.
ۋارقىرىغىن شۇ چاغدا،
«تېز بولغىن» دەپ پىتىرلاپ.

بىلۇر ئاتاڭ ئوغلۇمنىڭ،
يەتمەي قاپتۇ كۈچى دەپ.
قويۇپ بەرسەڭ شۇ چاغدا،
كەلمەس ساڭا ھېچبىر گەپ.

گەر بولمىسا ئىلاجىڭ،
ئات ئۆزۈڭنى دەرياغا.
ياخشىلىقنى قايتۇرۇپ،
يەتكۈزەرمەن ئارمانغا.
بوۋاي ئاي پالتىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. يىگىت بېلىقنىڭ گېپى

بويچە ئىش كۆرۈپتىكەن، بوۋاي ئاچچىقىغا پايلىماي پالتىنى كۆتۈرۈپ ئوغلىغا ئېتىلىپتۇ. يىگىت دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپتۇ. بېلىق ئۇنى قارنىغا ئاپتۇ ۋە ئۆيىدىن يىراق بىر يەرگە ئېلىپ بېرىپ، قىرغاقتا چىقىرىپ قويۇپتۇ. خوشلىشىدىغان چاغدا، بېلىق بىر تال بۇرۇتىنى يۇلۇپ يىگىتكە تەڭلەپتۇ:

— مېنىڭ ساڭا تۇتىدىغان باشقا يوللۇقۇم يوق. بۇنى ئېلىۋال. بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە دەريا بويىغا كېلىپ كۆيدۈرسەڭ، ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن، ھالىڭغا يېتىمەن.

يىگىت توققۇز تەزىم قىلىپ، رەھمەت ئېيتىپ بېلىقتىن ئايرىلىپتۇ. تەۋەككۇل قىلىپ دەشت - باياۋانغا قاراپ مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. ئۇ شۇنداق كېتىۋاتسا، بىر قېرى تۈلكە ئۇچقاندەك كېلىپ يىگىتنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ.

— ئەي قەدىرلىكىم، پاناھىم، يەتكۈزدى سېنى ماڭا تەڭرىم، — دەپتۇ، — مېنى بىر ئوۋچى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. خوش بولاي، قۇتقۇزۇپ قويغىن، قورسىقىمدا بالام بار ئىدى. ئامان - ئېسەن تۇغۇپ قاتارغا قوشۇۋالاي.

يىگىت سەپسېلىپ قارىسا، دېگەندەك تۈلكىنىڭ قورساقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، يېلىن ئەمچەكلىرى چىڭقىلىپ كەتكەن ئىكەن. يىگىتنىڭ رەھمى كېلىپ، ئۇنى بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىغا مۆكتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۆزى يول بويىدا ئوۋچىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئوۋچى كېلىپ:

قېچىپ ھازىر بىر تۈلكە،
كېلىۋېدى بۇ ياققا.

ئېيتقىن يىگىت ئالدىمدىن
قاچتى تۈلكە قاياققا،

— دەپ سوراپتۇ. يىگىت يان تەرەپتىكى بىر چىغىر يولنى كۆرسىتىپ:

كېلىپ سېرىق بىر تۈلكە،

قاچتى ئاشۇ تەرەپكە، — دەپتۇ.

ئوۋچى مىلتىقىنى بەتلەپ، تۈلكىنى چەنلەپ يۈگۈرگەن پېتى چىغىر يول بىلەن كېتىپ قاپتۇ.

تۈلكە يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ، يىگىتكە رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە بىر تال تۈكىنى يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ دەپتۇ:

— بۇ ساڭا يادىكار بولسۇن، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە كۆيدۈرسەڭ ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن، ھالىڭغا يېتىمەن.

يىگىت كۆڭلىدە: تۈلكىنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلەتتى؟ دەپ ئويلاپ، تۈكنى تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ، كېيىن «خەير، بوپتۇ» دەپ تۈكنى ياقىسىغا ئۆتكۈزۈپ، يولىغا راۋان بوپتۇ. يىگىت نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن، كۆنچىقىشقا قاراپ مېڭىپتۇ. ماڭا - ماڭا بىر تۈپ چىنار قېشىغا بېرىپ قاپتۇ.

چىناردا سۇمۇرغنىڭ ئۇۋىسى بار ئىكەن، سۇمۇرغ باللىرى قاناتلىرىنى پالاقشىتىپ پەسكە قاراپ ۋىچىرلىشىپتۇ. يىگىت ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارىسا، ئادەمنىڭ بىلىدەك كېلىدىغان بىر چار يىلان سۇمۇرغنىڭ باللىرىنى دەم تارتىۋاتقۇدەك، قۇش

باللىرىنىڭ تۇزۇغان پەيلىرى ئۇتتۇر يىلاننىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. يىگىت زۇلپىقارىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، غەزەپ بىلەن شۇنداق بىر شىلتىغان ئىكەن، يىلان تولغىنىپ جان بېرىپتۇ. قۇش باللىرى نالە قىلىشتىن توختاپ، يىگىتكە رەھمەت ئېيتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، ئالەمنى چاڭ - توزان قاپلاپتۇ. «تېز بولۇڭ، ئاتام كېلىۋاتىدۇ، ئەھۋالنى ئۇقماي سىزگە قەست قىلىپ قويمىسۇن» دەپتۇ قۇش باللىرى. يىگىت دەرھال چىنارغا يامىشىپتۇ. بالا قۇشلار ئۇنى قاناتلىرى بىلەن يېپىشىۋاپتۇ.

ئاتا قۇش ئالەمنى - مالەم قىلىپ غارقىراپ ئۇچۇپ كەپتۇ.

— ئەي باللىرىم ئادەمزاتنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى كۆردۇڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بالا قۇشلار بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاتا قۇش خۇش بولۇپ:

— بىلسەڭلار باللىرىم، ھەر يىلى بىر ئۇۋا - تۇخۇم بېسىپ بالا چىقارسام، ئەمدى ئۇچار قانات بولغاندا يىلان دەم تارتىپ كېتىپ، بىرىنىمۇ قاتارغا قوشالمىغان ئىدىم. قېنى ئۇ يىلاننى ئۆلتۈرگەن باتۇر يىگىت، مەن ئۇنىڭغا تەشەككۇر بىلدۈرسەم بولاتتى، — دەپتۇ.

يىگىت قۇشلارنىڭ قانىتى ئاستىدىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپتۇ. ئاتا قۇش قاناتلىرىنى يىگىتنىڭ يۈز - كۆزىگە سۈركەپ، خۇشاللىقىنى بايان ئەيلەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسا تىلەك ئارمانىڭ،
بايان ئەيلە باتۇرۇم.
بولسا ھاجەت، سىرىڭنى
ئايان ئەيلە باتۇرۇم،

يىگىت قۇشقا مۇراجىئەت قىلىپ:

ئۆز شەھىرىمگە كېتەلمەي،
چۆلدە سەرسان، ۋەيرانمەن.
بېشىم قاتتى گاڭگىراپ،
يول تاپالماي ھەيرانمەن،

— دەپتۇ يىگىت. ئاتا قۇش يىگىتنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ ئۇچۇپتۇ. ئۇچا - ئۇچا يەتتە كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ، ئاۋات شەھەرگە ئېلىپ كەپتۇ. قايتىدىغان چاغدا قۇش:

— ساڭا باشقا نەرسە قالدۇرالمايمەن. بۇ بىر تال پەينى ئېلىپ قال، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە كۆيدۈرسەڭ ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن. ھالىڭغا يېتىمەن، — دەپ بىر تال پېيىنى يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت ئۇنى قوينىغا تىقىپ كوچا بويلاپ مېڭىپتۇ.

يىگىت ئەقلىگە كېلىپ مۇنداق كاتتا شەھەرنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ قاتمۇ قات قەلئە ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. دەرۋازا بېشىغا ئېسىلغان ئادەم كاللىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى بىر پارچە ئېلاننى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.

ئېلاننى شۇ شەھەر پادشاھىنىڭ قىزى مەلىكە سائادەت چىقارغان ئىكەن. ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە، قايسىبىر ئەر كىشى ئۈچ كېچە - كۈندۈز مۆكەلىسە، مەلىكە شۇ كىشىگە تېگەر ئىكەن. مۆكەلمىسە كاللىسىنى ئالار ئىكەن. ئېلان ئۈستىدىكى كاللىلار مۆكەلمەي تۇتۇلۇپ قالغانلارنىڭ كاللىسى ئىكەن. يىگىت: «يا ...تەۋەككۈل، بىر مۆكۈپ باقاي» دەپتۇ ئىچىدە. شۇنداق قىلىپ مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. مەلىكە يىگىتنىڭ تەقى - تۇرقى، كىيىم - كېچەكگە قاراپ:

— شۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت جاۋاب بېرىپ:

— سەھرا بالىسىمەن، تۇتۇلۇپ قالسام ئارمىنىم يوق، — دەپتۇ. مەلىكە ئوردا مۇلازىملىرىنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ، يىگىتنى مۆكۈشكە بۇيرۇپتۇ. يىگىت دەريا بويىغا بېرىپ، بېلىقنىڭ بۇرۇتىنى كۆيدۈرگەن ئىكەن، ئالتۇن بېلىق پەيدا بولۇپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپ سوراپتۇ ئۇ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، — بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟

يىگىت مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بېلىق ئۇنى دەم تارتىپتۇ. بېلىجانلار پىلتىڭلاپ سۇنى لېيىتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە جاھاننامە ئەينىكىگە قاراپ ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپتۇ. يىگىت كۆرۈنمەپتۇ. تاغۇ - دەشت، باغ - ۋاران، دەل - دەرەخلىقنى ئاختۇرۇپتۇ، تاپالماپتۇ. زەپ - زىرائەت، ئېتىز - ئېرىقنى ئاختۇرۇپتۇ، يىگىت چىقماپتۇ. ئاسماننى ئاختۇرۇپتۇ،

ئەينەككە چۈشمەپتۇ. ئۇ ئۈچ كۈن توشاي دەپ قالغاندا جاھاننامە ئەينىكنى دەرياغا توغرىلاپ قارىسا، يىگىت ئالتۇن بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرغۇدەك، مەلىكە يىگىتنى تۇتۇپ كەلمەككە جاللات تەيىنلەپتۇ. جاللاتلار دەريا بويىغا بېرىپ ۋارقىراپتۇ:

— يىگىت ئاشكارىلىنىپ قالدىڭ، چىق بۇياققا!

يىگىت بېلىققا نامەردلىك قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىرغاققا چىقىپتۇ. جاللاتلار ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرەپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. جاللاتلار قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. مەلىكە يىگىتكە:

— ئەي يىگىت، بىتەلەي ئىكەنسەن، مەندىن كۆرمەي پېشانەڭدىن كۆر، ماڭ! گوداڭ بېشىغا، — دەپتۇ.

جاللاتلار يىگىتنى يالاپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ ئەسنادا پادىشاھ مەلىكىنى چاقىرتىپ:

— قىزىم، ئۇنىڭدەك خىسلەتلىك يىگىت يوقتۇر جاھاندا، كەچكىن بىر قوشۇق قېنىدىن، قالسۇن تېنى ئاماندا، يەنە بىر قېتىم مۆكتۈرۈپ باققىن، قالمىسۇن ئارماندا، — دەپتۇ.

— بوپتۇ دادا، ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە مەن نېمە دەيتتىم، — دەپتۇ مەلىكە.

يىگىت مۆكمەك بولۇپ، ئوردا سىرتىغا چىقىپتۇ. يول بويى: تۈلكىنى چاقىرايمۇ ياكى سۇمۇرغ قۇشنى، دەپ ئويلاپتۇ. ئويلىنىپ - ئويلىنىپ «تۈلكە كىچىككىنە بىر نەرسە، ئۇنىڭدىن ئۆتەر ھارامزادە، سۇمۇرغنى ئىزدەي» دېگەن يەرگە كېلىپ، پەينى كۆيدۈرۈپتۇ. سۇمۇرغ بۇلۇت ئارىسىدىن شىددەت بىلەن پەسكە

شۇڭغۇپ يەرگە قونۇپتۇ. يىگىت بېشىغا چۈشكەن كۆلپەتنى بايان قىپتۇ. قۇش ئۇنى دۇمبىسىگە مىندۇرۇپ ئۇچۇپتۇ.

مەلىكە جاھاننامە ئەينىكىگە قاراپ ئالەمنى ئاختۇرۇپتۇ. بىر كۈنى ئاختۇرۇپتۇ، ئىككى كۈن ئاختۇرۇپتۇ. يىگىت تېپىلماپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا، ئەينەكنى ئاسمانغا قاراتقان ئىكەن، يىگىتنىڭ سۇمۇرغنىڭ ئۈستىدە، يۇلتۇزلار ئارىسىدا مۆكۈپ يۈرگەنلىكى بىلىنىپتۇ.

— جاللات! ... — دەپتۇ مەلىكە، — يىگىت ئەنە ئۇ يەردە تۇرىدۇ. تېزدىن ئېلىپ چۈش! بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن!

ئىككى جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئاسمانغا چىقايلى دېسە چىقالماپتۇ. يا ئۇچۇپ چىققۇدەك ئىلاج تاپالماپتۇ. جاللاتلار ياش تۆكۈپ يىگىتكە مۇراجىئەت قىپتۇ:

مۆكەلمىدىڭ ۋەلىكەم،
كۆرۈپ قالدى مەلىكەم.
چۈشكىن ئەمدى بۇياققا،
بىزنى سالماي دوزاخقا.

جاللاتلارنىڭ نالىسى يىگىتكە يېتىپتۇ. سۇمۇرغ يىگىتنى يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. جاللاتلار يىگىتنىڭ قەددى - قامىتىگە قاراپ ئىچ ئاغرىتىپ:

يەر يۈزىدە بىرلا باتۇر ئىكەنسەن،
مەردلىكتە ئالەمدىن ئېشىپ چۈشكەيسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمىدى تۇتمىساق نائىلاج سېنى،
ماڭغىن ئالدىمىزدا قېنى، — دەپتۇ.

يىگىت جاللاتلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ مېڭىپتۇ. مەلىكە جىلە بولۇپ، قەسىرە ئىشىكىگە يۆلىنىپ كۆتۈپ تۇرغان ئىكەن. يىگىتنى كۆرۈپ:

مۆكۈپ باقتىڭ بېلىق قارنىغا،
مۆكۈپ باقتىڭ ئەرشى قوينىغا،
بولمىدى ئىلاجىڭ ھەم شۇنچە،
بەر كاللاڭنى تىركەشمەي بۇنچە، —

دەپتىكەن، يىگىت جاۋاب بېرىپ:

شەرتلەشكەنمىز ئىككىمىز،
ئۈتۈشماققا ۋەدە قىلىپ،
ئال كاللامنى مەلىكە،
يىغلىمايمەن زارلىنىپ،

— دەپتۇ ـ دە، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي گوداڭ بېشىغا قاراپ مېڭىپتۇ. مەلىكە ھۇزۇرىغا يىغىلغان ئوردا ئەھلى يىگىتكە ئىچ ئاغرىتىپ يىغا ـ زار قىپتۇ. بۇ خەۋەر پادىشاھقا يېتىپتۇ. پادىشاھمۇ يىگىتكە خۇشتار ئىكەن. ئۇ، جاللاتلار قىلىچلىرىنى يىگىتنىڭ بوينىغا تەڭلەۋاتقان چاغدا يېتىپ

كېلىپ مەلىكىگە ئېيتىپتۇ:

— «مەرتەم، مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن. قىزىم بولدى قوي، ئىككى مەرتەمگە سالىۋات، بىر مەرتەم مۆكۈپ باقسۇن، بۇ قېتىم ئاشكارىلىنىپ قالسا، قانداق قىلساڭ قىل.

مەلىكە باش ئېگىپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئوردا ئەھلى تىزلىنىپ پادشاھقا رەھمەت ئېيتىپتۇ. يىگىت توققۇز تەزىم قىلىپ مۆككىلى مېڭىپتۇ. جاڭگال ياقىسىغا بېرىپ تۈكنى كۆيدۈرۈپتۇ. قېرى تۈلكە پەيدا بوپتۇ.

— ئەي يىگىت، نېمە مۈشكۈل چۈشتى بېشىڭغا، ئېيتقىن دەررۇ يەتكۈزىمەن ئارمانىڭغا، — دەپتۇ.

يىگىت ھەممىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. تۈلكە ئۇنى ئوردا ئارقىسىغا باشلاپ بېرىپ، دەرەخلىككە يوشۇرۇپتۇ. ئۆزى لەخمە كولاشقا كىرىشىپتۇ. بىر كۈن كولاپتۇ، ئىككى كۈن كولاپتۇ. كولا ـ كولا مەلىكىنىڭ تاپىنىنىڭ ئاستىغىچە كولاپ بېرىپتۇ. يىگىتنى شۇ يەرگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، چاقىرمىغىچە مىدىرلىماسلىقنى جېكىلەپتۇ.

مەلىكە ئىككى يېرىم كۈنگىچە يىگىتنى دەرەخلىقتە كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. يىگىت يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، جاھاننامە ئەينىكنى ھەر تەرەپكە توغرىلاپتۇ. تاپىنىنىڭ ئاستىدىن باشقا ھەممە ياقنى ئاختۇرۇپتۇ. ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت ۋاقتى توشۇپ ئېشىپ كېتىپتۇ. يىگىتنىڭ سايىسىمۇ چىقىماپتۇ. مەلىكە جاكار قىپتۇ:

— ئەي شەيتان يىگىت، ئەرشتە بولساڭمۇ چۈش، جەننەتتە

بولساڭمۇ چىق. نەدە بولساڭ ھازىر جاۋاب بول! مەن ساڭا ئۆزۈمنى ئاتا قىلدىم!

يىگىت قامىتى تاغدەك ھەيۋەت بىلەن ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. ھاماماغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇرۇپتۇ. ئوردىغا لايىق كىيىندۇرۇپتۇ. پادىشاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ، مەلىكىنى يىگىتكە نىكاھلاپ بېرىپتۇ.

مەلىكە شۇنداق خىسلەتلىك يىگىتنى ئىزدەپ تول يوركىلى ئۇزۇن يىللار بولغان ئىكەن. ئۇمۇ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تاپتۇرۇپ ئەكىلىپ، چار بېغىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.[1]

رەتلىگۈچى: سىيىت زۇنۇن

---

① «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 3 - سانى، 86 - بەت.

# پىخسىق باي

بۇرۇنقى زاماندا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قىشىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ تېشىدا خېلى ئاۋات بىر جاي بار ئىكەن. بۇ جايدا ناھايىتى پىخسىق بىر باي ئۆتكەنىكەن. باي شۇنچىلىك پىخسىق ئىكەنكى، ئۆزىنىڭ يېگەن ئاش، نېنىغا ئۆزى چىدىمايدىكەن. خوتۇن - بالىلىرىنىڭ يەپ - ئىچكىنىگە تېخىمۇ چىدىمايدىكەن. مىڭلاپ قوي، كالىسى تۇرۇقلۇق ئۇ ئايدىن - بۇ ئايغا قازىنىدا بىرەر قېتىم گۆش قاينىمايدىكەن. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، نەچچە قازناقتا ئېشى، نەچچە كاجۇۋىدا گۇلە، قاق يېمىشى بار ئىكەنۇ، ئۆزىدىن تارتىپ بالىلىرىغىچە، يىللىقچىلىرىدىن تارتىپ ماللىرىغىچە بىر قېتىم تويۇپ تاماق يېيەلمەيدىكەن. بايلىقىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەيدىكەن. شۇڭا، يۇرت - مەھەللە ئۇنى «ئارپا نېنىدىن قىل سۇغىرىدىغان، ئۆلۈكتىن دوئا تەلەپ قىلىدىغان پىخسىق باي» دەپ مەسخىرە قىلىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پىخسىق باينىڭ ئوغلى بىلەن قىزى ئانىسىنى دالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ: «ئانا، قۇربان ھېيتتا زۇكامداپ قېلىپ گۆش يېيەلمىدۇق، مانا ئەمدى زۇكامدىن يېشىلىپتىمىز، بىراق، يەيلى دېسەك قاتتىق زاغرىدىن باشقىسى يوق، گېپىمىزنى دادامغا دېيەلمىدۇق. كۆڭلىمىز گۆش تارتىپ

تۇردى. دادامغا دېسەك بىرەر پاقلان ئۆلتۈرۈپ يېسەك؟»
بالىلىرىنىڭ زارىغا چىدىمىغان ئانا: «بالىلىرىم، بۇ ئىلتىماسىڭلارنى داداڭلارغا دەي، ماقۇلغا كەپ قالسا، شۇنداق قىلايلى» دەپ پىخسىق باينىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. بالىلىرىنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان باي بىر هازا تىلىنى چايناپتۇ، چىچاڭشىپ قايناپتۇ. «ماقۇل» دەي دېسە بىر پاقلانغا كۆزى قىيماپتۇ، «ياق» دەي دېسە تېخى بولماپتۇ. ئاخىرى قاسساپ بازىرىغا بارىدىغان، بارغاندىمۇ گۆش ئەمەس، كاللا - پاقالچاق ئالىدىغان بولۇپتۇ.
پىخسىق باي قاسساپ بازىرىغا بېرىپ ھەممە دۇكانلارغا قاراپتۇ، نەدە ئەرزان كاللا باركىن دەپ ماراپتۇ. بىر چاغدا بىر قاسساپنىڭ كونا داستىخانغا يۆگەپ قويغان كاللا - پاچاقلىرىنى ئالاي دەپتۇ. ئەمما باھاسىدا كېلىشەلمەي ئالماپتۇ. قاسساپ: «ئەرزان كاللا - پاچاق لازىم بولسا پالانى يۇرتقا بارسىلا» دەپ چاقچاق قىلىپتۇ. بۇ گەپنى راست دەپ ئويلاپ قالغان پىخسىق باي يولنىڭ يېقىن - يىراقلىقىغا قارىماي، قاسساپ دېگەن يۇرتقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر كۈن يول مېڭىپ ھېلىقى يۇرتقا بېرىپتۇ. بارغۇچە قورسىقى ئېچىپتۇ، ماغدۇرى قېچىپتۇ، ئۆزى بولدى دېگۈچە ھېرىپتۇ. قاسساپ بازىرىنى ئىزدەپ سوراپ تېپىپتۇ - دە، ئۇدۇل كەلگەن بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ سودىلىشىپتۇ. ئەمما بۇ يۇرتتىمۇ باھا ئوخشاش ئىكەن. 2 ~ 3 داچەننى ئوشۇق خەجلەشكە كۆزى قىيمىغان باي بۆلەك بىر يۇرتنىڭ قاسساپ بازىرىنى مەنزىل قىلىپ قەدەم تاشلاپتۇ. ئىككى كۈن دېگەندە كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ كەپتۇ. ھەممە

يەردە قازاننىڭ قولىقى تۈت بولۇپ چىقىپتۇ. ھەممە يۇرتنىڭ قاسساپلىرى دېيىشىۋالغاندەكلا كاللا ـ پاچاقنى ئوخشاش باھا قويۇپ تۇرۇۋاپتۇ.

ھېلى داچەن پۇلنىڭ كۆزىگە، ھېلى قاسساپنىڭ يۈزىگە تەلمۈرۈپ ھالىدىن كەتكەن پېخسىق باينىڭ ئاچلىقتىن ئۈچەيلىرى تارتىشىپ، ماڭغۇدەك ھالى قالماپتۇ. ئەمما پۇلنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي، بىرەر قاچا ئىسسىققىنە تاماق ئېلىپ ئىچەلمەي، چۆرگىلەپ يۈرۈپ بىر ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ، خىلمۇ خىل مەززىلىك تائاملارنىڭ پۇرىقى دىماقنى ئۇرۇلۇپ كۆڭلىنى ئايلاندۇرۇپتۇ. ئاشپەز ئۇستام پېخسىق باينىڭ توپا ـ چاڭ باسقان تەلەتىگە قاراپ مۇساپىر ئوخشايدۇ دەپ، بىر قاچا تاماقنى بىكارغا بەرمەكچى بولۇپ دۇكانغا چاقىرىپتۇ. پېخسىق باينىڭ كۆزى قاچىدىكى ئاشقا چۈشۈپ ئاشقازىنى كولدۇرلاپتۇ، ئۈچەيى غولدۇرلاپتۇ. ئەمما پۇلنى ئويلاپ چىرايى ئاقىرىپ، كەينىگە نەچچە قەدەم چېكىنىپتۇ.

بۇ ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى پېخسىق باينىڭ تاماققا قاراپ مۆلۈلدىگەن كۆزىنى، ئاچلىقتىن دىرىلدەۋاتقان تىزىنى، بىلىدىكى قاپچۇقنى چىڭ چاڭگاللىۋالغان ئەلپازىنى، ئۆزىنىڭ قورسىقىغا تاماق ئېلىپ يېيىشكىمۇ چىدىماي بىسەرەمجان بولغان ھالىتىنى يىراقتىن كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ كۈلۈمسىرەپتۇ. ئاندىن ئولتۇرغان يېرىدىن قوپۇپ، دۇكاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، پېخسىق باينى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىپتۇ. بىرنەچچە قاچىدا ئاش ـ تاماق ئەكېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرىپتۇ. پىخسىق باي «يەيمۇ ـ يېمەيمۇ» دېگەندەك ھالەتتە تاكى تاماقلار سوۋۇپ كەتكەنگە قەدەر ئىككى خىيال بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. كېيىن يېمەسلىك قارارىغا كېلىپ، بەلۋېغىغا چىگىۋالغان قاتتىق زاغرىسىنى ئېلىپ ھېجىر قاچىغا چىلاپتۇ ـ دە، ئۈستىگە ئاش سۈيى ئۇسۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى پىخسىق باينىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ بېرىپتۇ. قېتىپ كەتكەن زاغرا ھېچ يۇمشايدىغاندەك ئەمەسكەن، تاشتەك زاغرىنى چايناپ يۇتماق بەكمۇ تەسكەن، بىراق پىخسىق باي بىر ئاماللارنى قىلىپ چىداپ تۇرۇپ يۇتۇشقا باشلاپتۇ.

بىر چاغدا بىر پارچە قاتتىق زاغرا پىخسىق باينىڭ گېلىغا قاپلىشىپ قېلىپ ھىقىلداشقا باشلاپتۇ. ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى پىخسىق باينىڭ دۈمبىسىگە خېلى ئۇزاق مۇشتلاپ يۈرۈپ مىڭ بالادا كەپلىشىپ قالغان ناننى ياندۇرغۇزۇپتۇ.

جېنى قىينالسىمۇ، پۇلى چىقىم بولماي قورسىقى تويغىنىغا رازى بولغان پىخسىق باي ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قاچا ئاش سۈيى ئىچىپ راسا بىرنى كېكىرىپتۇ ـ دە، ئىسسىق باسقانلىقتىن ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى پىخسىق باينىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئىچىدە كۈلسىمۇ سىرتىغا چىقارماپتۇ. ئۇ، پىخسىق باينىڭ تومپىيىپ تۇرغان چەندازىسىغا قاراپ: بۇ ئادەم مۇساپىردەك قىلمايدۇ، قولىنى چەندازىدىن ئالمايدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا پۇلنى خەجلىگىلى كۆزى قىيمايدىغان، ئىمكانىيىتى تۇرۇپ جېنىنى قىينايدىغان، مال ـ دۇنياغا كۆزى تويمايدىغان پىخسىقتىن ئوخشايدۇ ... توختا، مەن بۇنى ھېلىقى ئىشىمغا

سىلىپ، ئازراق تەربىيەگە ئىگە قىلىپ قويايچۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

ئەسلىدە ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ بىر ئاكىسى بولۇپ، خەقنى تالاپ، سىقىپ ـ يالاپ نۇرغۇن پۇل ـ پۇچەك، كىيىم ـ كېچەك، مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان ئىكەن. ئەمما ئەس ـ يادى بىرنى ئىككى، ئوننى يىگىرمە، مىڭنى ئون مىڭ … قىلىشنىڭ غېمىدە بولغاچقا، ئۆزىمۇ يېمەي، بالا ـ چاقىلىرىغىمۇ بەرمەي كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. «كۆلسەم بالا ـ چاقام پۇل دەمدىكىن» دەپ كۆلمەيدىكەن، يىغىدىكەن، يىغىدىكەن، نەچچە ساندۇقتا تىللا، تەڭگىسى بارلىقىنى بىلمەيدىكەن. قىسقىسى، پىخسىقلىقتا ئۇنىڭ قولىغا ھېچكىم سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن.

بىر قېتىم ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ ئاكىسى قازناقتىكى ساندۇقلىرىغا قانچىلىك پۇل يىغىلغىنىنى بىلىپ باققۇسى كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ قازناققا كىرىپتۇ. ساندۇقلىرىغا قارىسا بىر تەڭگىمۇ يوقمىش! بۇ نېمە ئىش؟ ئۇ شۇ ھامان «ئاللا كاللا» دەپ ئۆينى بېشىغا كىيىپتۇ. كۆزلىرى تارتىشىپ، باشلىرى قېيىپتۇ. ئۇنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلىغان بالا ـ چاقىلىرى قازناققا كىرگەندە پىخسىق باينىڭ قولى مەيدىسىدە بىھوش بولۇپ ياتقان ئىكەن، يۈز ـ كۆزىگە سۇ سېپىپ، نەچچە ئون كۈن داۋالاپ بېقىپ، ئاران تەستە ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

باشقىلار نېمە بولغىنىنى سورىسا دېمەپتۇ، دورا بەرسە يېمەپتۇ. پەقەت «يېمىگەنىنىڭ چىشىغا تاش … يېمىگەنىنىڭ چىشىغا تاش…» دەپ پىچىرلاشتىن باشقىنى بىلمەپتۇ. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ ھەرەمخانا ئۆيىنىڭ تېمى يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، تام ئاستىدىكى تۆشۈكتىن

تىللا، تەڭگىلەر تورۇكلاپ قېقىلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئاشپۇزۇل خوجايىنى ھەيرانۇ ھەس بولۇپتۇ. تەڭگە، تىللالارنى يىغىۋېلىش تەس بولۇپتۇ. چاشقان تۆشۈكىدىن چىققان پۇللار بىلەن ئون ساندۇق لىققمۇ لىق تولۇپتۇ!

ئاشپۇزۇل خوجايىنى يىقىلىپ چۈشكەن تامدىكى چاشقان تۆشۈكىنى بويلاپ قېزىپ ماڭغۇدەك بولسا، بۇ تۆشۈك ئۇدۇل ئاكىسىنىڭ قازنىقىنىڭ ئىچىگە كىرىپ توختاپتۇ. دېمەك، چاشقانلار پىخسىق باينىڭ پۇل ساندۇقىنى تېشىپ ھەممە تەڭگە، تىللالارنى يەر ئاستىغا ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا توشۇپ كەتكەن، بۇ تۆشۈكنىڭ ئاخىرسى ھېلىقى يىقىلغان تامنىڭ ئاستىغىچە يەتكەن ئىكەن.

ئاشپۇزۇل خوجايىنى ئاغرىق ئاكىسىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. بولغان ئەھۋالنى چالا قويماي دەپتۇ. شۇ چاغدىلا كېسەل ياتقان باي ئورنىدىن قىمىرلاپ قويماقچى، نەچچە يىللاپ يىغقان پۇللىرىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپتۇ، لېكىن ماغدۇرى يەتمەپتۇ. تاكى نەپەستىن قالغۇچە «يېمىگەنىنىڭ چىشىغا تاش...» دېگەن گەپنى دېيىشتىن توختىماپتۇ. ئاشپۇزۇل خوجايىنى ئاكىسىنى يەرلىكىدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، قازىخانىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ، بۇنچە دۇنيانى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى ئايان قىلىپتۇ. نۇرغۇن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن، بۇ پۇللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىختىيارى ئاكىسىنىڭ بالا - چاقىلىرىغا تاپشۇرۇلۇپتۇ، ئەمما باينىڭ ئايالى «بۇ مال - دۇنيالارنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرساق، چۈنكى

مەرھۇم ئېرىم ھايات ۋاقتىدا بۇ پۇللار بىزگە ئەسقاتمىغان، تەقدىردە ئېرىمنىڭ تەسەررۇپ قىلىشىغىمۇ قۇتاتمىغان···» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەمما شەھەر قازىسى «يۇرتىمىزدا مۇساپىرخانىلار، دەڭ ـ سارايلار، مەدرىسە ـ مەكتەپلەر يېتىپ ئاشىدۇ. كۆۋرۈك، يول دېگەنلەرمۇ ئۆز جايىدا، تولۇق. شۇڭا بۇ پۇللارنى مۇۋاپىق بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ئىشلەتكەن ياخشى» دەپتۇ.

مۇشۇ تالاش ـ تارتىشنىڭ ئۇستىگە سەكسەندىن ئاشقان، توقسەنگە يانداشقان بىر مويسىپىت يېتىپ كېلىپ، ئوبدان مەسلىھەتتىن بىرنى بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭچە، بىر ئاشخانا ئاچايلى، تامىقى ھەقسىز بولسۇن، مەيلى مۇساپىر، مەيلى بەختسىز بولسۇن بۇ ئاشخانىغا كەلسە قورسىقىنى تويغۇزۇپ، مەرھۇمنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلسۇن···»

بۇ مەسلىھەت ھەممىسىگە يېقىپتۇ. باينىڭ ئىنىسى بىلەن بالا ـ چاقىلىرىنى نېمە دەيدىكىن دەپ چىرايىغا بېقىپتۇ. ئۇلارمۇ ئۇناپتۇ، ئەمما باينىڭ ئايالى مۇنداق بىر تەكلىپنى قوشۇمچە قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ: «ئېرىم رەھمىتى بەكمۇ پىخسىق كىشى ئىدى، ئۆزىمۇ يېمەيتتى، بىزگىمۇ يېگۈزمەيتتى، پۇل ـ مال بار ئۆيگە بىزنى كىرگۈزمەيتتى. سىقىپ ـ يالاپ يىغقان دۇنياسىنى چاشقان توشۇپ كەتتى. شۇ پۇلنىڭ دەردىدە ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى. سەكرات چېغىدىمۇ «يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش» دېگەن پۇشايمانلىق سۆزىنى ئاغزىدىن تاشلىيالمىدى، شۇنچە كۆپ بايلىق تۇرۇقلۇق يا ئۆزىنى، يا بىزنى بەختكە باشلىيالمىدى. شۇڭا كېيىنكىلەرگە ساۋاق قىلىنسا، ئېرىم جان ئۈزگەن

قازناقتا بىر گۈمبەز سېلىنسا، گۈمبەزنىڭ ماڭلىيىغا «يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش» دېگەن لەۋھە ئېسىلسا؛ دۇنيا غېمىدە ئارام تاپمايدىغانلار، پىخسىقلىق قىلىپ بالا - چاقىسىنى باقمايدىغانلار بۇ يەرنى زىيارەت قىلىپ ھوشىنى تاپسا، پىخسىقلىقنىڭ يولىدىن ئازراق چاپسا؟...»

بۇ تەكلىپ چوڭ - كىچىك، تۇڭ - پىششىق ھەممەيلەنگە ياراپتۇ، شۇ خۇلاسىگە كېلىپ قازىخانىدىن تارقاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، مۇساپىرلارغا ھەقسىز تاماق بېرىلىدىغان ئاشپۇزۇلمۇ، بېخىللارغا ئىبرەت قىلىنىدىغان گۈمبەزمۇ پۈتۈپتۇ.

بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئاشپۇزۇل خوجايىنى پىخسىق باينى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. پىخسىق باي خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئىلىك ئاپتۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن چاي - مەززە تارتىلىپتۇ، ھەش - پەش دېگۈچە كەچ كىرىپتۇ. ئاشپۇزۇلنىڭ ئىگىسى پىخسىق بايغا: «ئۆزلىرى بۇ يۇرتتا مۇساپىر ئوخشايلا، ھاجەتمەن ئىكەنلىكلىرىنى بىلگەنتىم ئابايلا. شۇڭا ئۆزلىرىگە بىر ئىش تاپىلاي، مانا، ماۋۇ ساراي، ئەنە، ئاۋۇ گۈمبەز، گۈمبەزنى ئاچىلا، قەبرىنى كالتەك بىلەن چاقىلا. ئەمما شەرت شۇكى، ھەر كالتەك ئۇرغاندا «يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش» دېگەن سۆزنى بىر قېتىم ئېيتىلا. ئىش ھەققىلىرىگە بەش تەڭگە بېرىلىدۇ، قانداق، گەپكە ئۇناملا، بۇ خىزمەتكە رازى بولاملا؟» دەپتۇ. پىخسىق باي دەسلەپتە ھەيران بولۇپتۇ. كېيىن بەش تەڭگىنىڭ خەۋرىنى ئاڭلاپ كۈچ - غەيرەتكە تولۇپتۇ.

بىر كېچە ئۆتۈپتۇ، تاپشۇرۇلغان خىزمەت پۈتۈپتۇ. ئەتىسى

تاڭمۇ ئېتىپتۇ، پېخسىق باي بەش كومۇش تەڭگىنىڭ خۇشاللىقىدا تۇمىقىنى ئاسمانغا ئېتىپتۇ. ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى پېخسىق باينىڭ قولىغا بەش تەڭگىنى تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «قەبرىنى چېقىپلا، قىلغان ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ. ئەمدى مالال كەلمىسە بىزنىڭ ئۆيدە يەنە بىر كۈن ياشاپ بەرسىلە، قەبرىنى بۇرۇنقىدەك ياساپ بەرسىلە. ئىش ھەققىلىرىگە ئون تەڭگە ئالسىلا، ئاندىن ئۆيلىرىگە يانسىلا.»

ئاۋۋالقىدىن بەك ھەيران بولغان پېخسىق باي دەپتۇكى «ۋاي، ۋاي، ۋاي، ھەرگىز مالال كەلمەيدۇ. خىزمەتلىرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەي تۇرۇپ كەتسەم ئۆيلىرىدە يېگەن تۇز - تائام ئەسلا ھالال بولمايدۇ. دېگەنلىرىچە بولسۇن.»

شۇنداق قىلىپ كېچىدىن ئۆزى توقماقلىغان قەبرىنى ئۆزى ياساشقا كىرىشىپتۇ، قەبرە پۈتۈپتۇ، پېخسىق باي يەنە ئون كومۇش تەڭگىگە ئېرىشىپتۇ.

«نېمىشقا چاقتۇرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ياساتقۇزىدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال كاللىسىنى چىرمىۋالغان پېخسىق باي كەچلىك غىزا ۋاقتىدا ئاشپۇزۇل خوجايىنىدىن ئەھۋالنىڭ تېگىنى بىلمەكچى بولۇپ سوراپتۇ. خوجايىن دەپتۇكى: «ئۆزلىرىنى ھەيرانلىقنىڭ يىپى چىرماپتۇ، بوپتۇ، مەن بۇنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى دەپ بېرەي...»

خوجايىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە، كونىسىدىن - يېڭىسىغىچە، پېخسىق ئاكىسىنىڭ ھالىنى، ئەسقاتمىغان دۇنيا - مالىنى، سەكرات ۋاقتىدىكى پەرياد

- نالىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ تەپسىلاتلارنى ئاڭلاۋېتىپ پىخسىق باينىڭ بېشى پىرىردە قېيىپتۇ…

«رەھمەت بۇرادەر، — دەپتۇ پىخسىق باي، — مېنى ئوبدان ساۋاقفا ئىگە قىلدىڭىز، دېمىسىمۇ يېمىگەننىڭ چىشىغا تاش، ھالىغا ۋاي! مەنمۇ خۇددى سىزنىڭ ئاكىڭىز دەك ئادەملەرنىڭ بىرسى ئىدىم. كۆڭلۈم دۇنيانىڭ غېمىدە، ئۆمرۈم بىرنى ئىككى قىلىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۆتكەن ئىدى. بالا - چاقامغا بىر پاقلان ئۆلتۈرۈپ بېرىشتىن قېچىپ، نەچچە كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ بۇ يەرگە بىر كاللا - پاچاق سېتىۋېلىشقا كەلگەنتىم. ئەمدى قانداق قىلىشنى بىلىۋالدىم. ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشۈمگە مەسخىرىلىك كۈلۈۋالدىم…» پىخسىق باي بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، قەبرە چاققان ۋە قەبرە ياسىغان ئىش ھەققىگە ئالغان ئون بەش تەڭگە پۇلنى ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا قايتۇرۇپتۇ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. توسقانغىمۇ باقماي، قاراڭغۇدىنمۇ قورقماي ئۆز ئۆيىگە بالا - چاقىلىرىنىڭ قېشىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

پىخسىق باي يۇرتىغا چىڭ چۈشتە يېتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا بازار راسا قىزىغان ئىكەن. ئۇ قاسساپ بازىرىغا بېرىپتۇ. سېمىز قوينىڭ گۆشىدىن پۈتۈن بىرنى ئاپتۇ. ئۆيىگە كەلسە بالىلىرى دادىسىنى ئويلاپ، قاتتىق زاغرىنى چايناپ، زەردىسى قايناپ، ھەسرەتكە پايلاپ ئولتۇرۇشقۇدەك.

دادىسىنىڭ پۈتۈن بىر قوينىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ ئىشكتىن كىرگىنىنى كۆرگەن بالا - چاقىلارنىڭ تىلى ھەيرانلىقتىن گەپكە كەلمەپتۇ. تىنچ - ئامانلىق سورۇشۇپتۇ، گۆشنى پارچىلاپ، قازانغا تاشلاپ پىشۇرۇپتۇ.

تاماق يېيىشىۋېتىپ، پىخسىق باي كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى چالا قويماي دەپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى سەپەر پىخسىق باينىڭ سىقىپ يالايدىغان كېسىلىگە «نەپ» بېرىپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئۆزىنىڭ بۇ چاققىچە قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن، سەۋەن كەتكەنلىرىدىن ئەپۇ سوراپ خىزمەتكارلىرىغا، خوتۇن بالىلىرىغا كۆڭۈل قويۇپتۇ. قول - چاكارلىرىنىڭ ئىش ھەققىنى تولۇقى بىلەن بېرىپ، رازى قىلىپ ئازادلىق جاكار قىلىپتۇ، يۇرتقا ئاش تارتىپ، زۇلۇم - ستەمدىن، پىخسىقلىقتىن باش تارتىپ، قەرز - جازانە ھۆججەتلىرىنى بىكار قىلىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنى ھېچكىم «ئارپا نېنىدىن قىل سۇغىرىدىغان، ئۆلگەندىن دۇئا تاما قىلىدىغان پىخسىق باي» دېمەيدىغان، بالىلىرىمۇ بار تۇرۇپ قىسىلمايدىغان، بايمۇ سىقىپ - يالاپ يېمەيدىغان بولۇپتۇ.

بالىلارنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈرۈشۈپتۇ، چوڭىيىپتۇ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قولىغا ئېلىپتۇ. ھالاللىقتىن كەلگەن بايلىقنى جايىدا تەسەررۇپ قىلىپ، ياخشى يەپ، ياخشى كىيىپ خاتىرجەم، بەختىيار ياشاپتۇ.①

رەتلىگۈچى: ئوغالنىيازخان

---

① «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 1 - سانى، 102 - بەت.

www.uyghurkitap.com


**图书在版编目(CIP)数据**

三个金偶：维吾尔文/阿巴拜克热·艾尔肯，马宝等编.
一喀什：喀什维吾尔文出版社：乌鲁木齐：新疆电子音像出版社，2010.4
(给孩子们的礼物.中)
ISBN 978-7-5373-2011-5

Ⅰ.①三… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①童话—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I287.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第069886号

丛 书 名　给孩子们的礼物－中(3)
书　　名　三个金偶
策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
编　　者　阿巴拜克热·艾尔肯，马宝
责任编辑　买哈巴·铁外库
特约编辑　艾合买提·买买提
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对　克尤木·吐尔逊
封面设计　努尔买买提·吾买尔
出　　版　喀什维吾尔文出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆今日新疆印务有限公司印装
开　　本　880×1230mm　1/32
印　　张　3.375
版　　次　2010年4月第1版
印　　次　2011年2月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5373-2011-5
总 定 价　84.00元（全10册）

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

# بالىلارغا سوۋغا ـ 2

Ballargha Sowgha

بىتەلەي توشقان
ئاق قۇ مەلىكە
ئۈچ ئالتۇن قورچاق
خىرۇستال كەش
نۇر مەلىكە
توققۇز دانە ئالما
ئەقىلنى يەيدىغان كۈچۈك
بەخت ئارىلىنى ئىزدەش
بولاقسقا ئايلانغان بالا
ھاكاۋۇر چۈجە خوراز

9.00

ISBN 978-7-5373-2011-5
9 787537 320115 >
总定价：81.00元（全十册）